گېرمان تىلىدا پەقەت Dativ بىلەن كېلىدىغان سۈپەتلەر ئاساسەن پايدىلىق ياكى زىيانلىقنى بىلدۈرىدىغان ،

دوست ياكى دۈشمەنلىكنى بىلدۈرىدىغان ، ئوخشاش ياكى پەرىقلىقنى بىلدۈرىدىغان ، سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ .

بۇ گۇرۇپپىتا كېلىدىغان سۈپەتلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىچە :

| | |
|---|---|
| Dienlich | (پايدىلىق) |
| bekömmlich | (سالامەتلىككە پايدىلىق) |
| möglich | (مۇمكىن) |
| nützlich | (يارامىلىق) |
| schädlich | ( زىيانلىق) |
| angenehm | (كۆڭۈللۈك) |
| behilflich | ( ياردەمدە بولۇش) |
| dankbar | ( مىننەتدارلىق) |
| folgsam | (ئىتائەتكار . قۇللىغۇچى . يۇمشاق) |
| Lieb | (سۆيۈملۈك . ئۇماق) |
| Treu | ( سادىق . ئىشەنچلىك) |
| ähnlich | (ئوخشايدۇ) |
| bekannt | (تونۇشلۇق) |
| Fremd | ( ناتونۇش) |
| gleich | ( ئوخشاش ، تەڭ) |
| schuldig | (قەرىزدا ، گۇناھكار) |
| Schwer | ( ئېغىر) |
| überlegen | (سەگەك ،ئېغىر بېسىقلىق ، ئۈستۈن تۇرىدۇ) |

wichtig ( مۇھىم)

مىسال:

1. Sein Namen ist mir bekannt.

ئۇنىڭ ئىسمى ماڭا تونۇشلۇق.

2. Das Rauchen ist der Gesundheit schädlich.

تاماكا چېكىش سالامەتلىككە زىيانلىق.

3. Iqbal ist seinem Vater sehr ehnlich.

ئىقبال دادىسىغا بەك ئوخشايدۇ.

3. Dieses Lied ist uns fremd.

بۇ ناخشا بىزگە ناتونۇش.

36

5.Die kalte Suppe war dem Gast nicht bekömmlich.

سوغۇق شورپا مېھمانلارغا تېتىمىدى.

6. Der hohe Preis ist dem Käufer nicht angenehm.

يۇقارقى باھادىن خېرىدار خوش بولمىدى.

7. Wir sind dem Arzt dankbar.

بىز دوختۇرغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈردۇق.

8.Es ist dem Schüler sehr schwer, Deutsch zu lernen.

گېرمانچە ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلارغا تەس كىلىۋاتىدۇ.

9.Sie sind unserer Mannschaft überlegen.

ئۇلار بىزنىڭ كاماندىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

يۇقاردىكى مىساللاردىكى:« der Arzt, der Schüler, die Mannschaft »

ئىسىملارنىڭ « die Gesundheit, der Vater, der Gast, der Keufer »

ھەممىسى Dativ كېلىشىدە كەلدى.

## 2.2.3. Adjektev mit Genitiv

(سۈپەتنىڭ Genitiv بىلەن كېلىشى )

Genitiv بىلەن كېلىدىغان سۈپەتلەر تۆۋەندىكىچە :

| | | | |
|---|---|---|---|
| bewußt | ( قەستەن, چۈشۈنۈپ يېتىش) | bedürftig | (مۇھتاجلىق ,ئېھتىياجلىق) |
| fähig | (قابىلىيەتلىك) | müde | ( چارچاش,ھېرىپ كېتىش) |
| gewiß | (چوقۇم) | schuldig | (گۇناھكار) |
| Sicher | (مۇتلەق, چوقۇم,خاتىرجەم) | | |

مىسال :

1.Die alte Frau ist der Hilfe bedürftig.

ياشانغان خانىم ياردەمگە مۇھتاج .

2.Der Arzt ist sich seines Fehlers bewußt.

دوختۇر خاتالىقىنى تونۇپ يەتتى .

3.Wir sind des Wartens müde.

بىز ساقلاۋېرىپ چارچىدۇق.

4.Er ist seiner Arbeit sicher.

ئۇ خىزمىتىدىن خاتىرجەم.



## 2.2.4.Adjektev mit präpositionalem Objekt

(سۆز ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن قوللىنىدىغان سۈپەتلەر )

سۆز ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن بىرگە كېلىدىغان سۈپەتلەر ، جۈملىدە كۆپىنچە « sein» پېئىل بىلەن بىرگە

كىلىدۇ ، بۇ سۈپەتلەر تۆۋەندىكىچە:

aufmerksam auf + Akkusativ : ( دىققەت قىلىش)

بۇ « aufmerksam» دېگەن سۈپەت «auf » دېگەن ئالدى قوشۇلغۇچى بىلەن بىرگە كېلىپ

« Akkusativ» كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

مەسىلەن :

Der Schüler ist aufmerksam auf die Worte des Lehrers.

(ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىۋاتىدۇ)

böze auf+Akkusativ (ئاچچىقلىماق,قىزارماق)

eifersüchtig auf + Akkusativ (قىزغانماق)

froh über + Akkusativ (خۇشال بولماق)

stolz auf + Akkusativ (ئىپتىخار.پەخىرلەنمەك)

verliebt in + Akk (ئاشىق بولماق)

arm an + Dativ (ناھايىتى كەمچىل, گاداي)

bekannt mit + Dativ (تونىماق)

fertig mit + Dativ (تۈگەتمەك ، پۈتتۈرمەك)

fertig zu + Dativ (تەييار بولماق)

frei von + Dativ (هۆر بولماق, ئەركىن بولماق )

freundlich zu + Dativ (دوستانە ,سەممىي بولماق)

reich an + Dativ (باي بولماق )

voll von + Dativ (لىق . تۇشقۇزۇپ)

zufrieden mit + Dativ (رازى بولماق)

مىسال:

Peter ist böse auf seinen frechen Freund.

(پېتېر ئەخلاقسىز دوستىغا ئاچچىقلىدى)

Sie ist eifersüchtig auf ihre hübsche Schwester.

(ئۇ چىرايلىق سىڭلىسىغا ھەسەت قىلدى)

Wir sind froh über den Erfolg unserer Kinder.

(بىز بالىلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىدىن خۇشالمىز)

Die Mutter ist stolz auf den berühmten Sohn.

(ئانا داڭلىق ئوغلىدىن پەخىرلىنىدۇ )

38

Mirat ist verliebt in eine Ausländerin.

( مىرات بىر چەتئەللىككە ئاشىقتۇر)

Dieses Land ist arm an Bodenschätzen.

(  بۇ دۆلەتنىڭ تەبىئىي بايلىقى ناھايىتى ئاز)

Ich bin bekannt mit vielen Diplomaten.

(كۆپلىگەن دىپلوماتلارنى تونۇيمەن)

Das Kind ist fertig mit den Hausaufgaben.

(بۇ بالا تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولدى)

Wir sind fertig zum Spielen. ( ئويناشقا تەييار بىز)

Die Frau ist endlich frei von ihren Schmerzen.

(بۇ خانىم ئاخىرى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدى)

Unser Chef ist freundlich zu allen Mitarbeitern.

(باشلىقىمىز پۈتۈن خىزمەتچىلەرگە سەمىمىي)

Das Haus ist voll von Blumen. ( ئۆي گۈل بىلەن تولغان)

Deutschland ist reich an Kohle. (گېرمانىيەدە كۆمۈر بايلىقى مولدۇر)

Der Lehrer ist zufrieden mit dem fleißigen Schüler.

(ئوقۇتقۇچى تىرىشچان ئوقۇغۇچىدىن رازى )

## 2.2.5.Die Zahladjektive

(سان - سۈپەتلەر)

سانلارنى ۋە مىقدارنى بىلدۈرىدىغان ساناقلار ۋە سۆزلەر سۈپەت ھېساپلىنىدۇ گېرمان تىلىدا سان سۈپەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ ،

### 2.2.5.1.Die Kardinalzahlen

(ساناق سانلار)

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئېنىق سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلار ، ساناق سان دەپ ئاتىلىدۇ .

0 دىن 10 غىچە بولغان سانلار :

0 null

1 eins

39

2 zwei

3 drei

4 vier

5 fünf

6 sechs

7 sieben

8 acht

9 neun

10 zehn

11 بىلەن 12 دىن باشقا سانلار ئۇيغۇرچىغا ئوخشاش بىرلەر ۋە ئونلەر خانىسىنىڭ بىرلىشىشىدىن تۈزۈلىدۇ .

11 elf

12 zwölf

13 dreizehn

14 vierzehn

15 fünfzehn

16 sechzehn

17 siebzehn

18 achtzehn

19 neunzehn

20 بىلەن 90 ئارىسىدىكى سانلار :

20 zwanzig

30 dreißig

40 vierzig

50 fünfzig

60 sechzig

70 siebzig

80 achtzig

90 neunzig

ئونلار خانىلىق سانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئارا سانلار بىرلەر خانە بىلەن ئونلەر خانىسىنىڭ ئارىسىغا « we» دېگەن

مەندىكى « und» سۆزى قۇشۇلۇپ تۈزۈلىدۇ.

21 einundzwanzig

34 vierunddreißig

33 dreiunddreißig

79 neunundsiebzig

يۈزلەر ۋە مىڭلەر خانىلىق سۆزلەر :

100 einhundert

200 zweihundert

300 dreihundert

400 vierhundert

800 achthundert

900 neunhundert

40

ئۈچ خانىلىق سانلار :

202 zweihundertzwei

358 dreihundertachtundfünfzig

484 veirhundertvierundachtzig

789 siebenhundertneunundachtzig

843 achthundertdreiundvierzig

مىڭ خانىلىق سانلار :

1000 eintausend

2000 zweitausend

3000 dreitausend

9000 neuntausend

10000 zehntausend

100000 hunderttausend

900000 neunhunderttausend

2089 zweitausendneunundachtzig

45876 viertausendachthundertsechsundsiebzig

22456 zweiundzwanzigtausendvierhundertsechsundfünfzig

مليون ۋە ئۇنىڭدىن يۇقۇرى سانلار ، سۈپەت بولماي بەلكى Die ئارتىكىل بولغان ئىسىملاردۇ .

eine Million 1000000

zwei Million 2000000

eine Milliarde 1 مليارت

zwei Milliarden 2 مليارت

بەزىدە «hundert » ۋە « tausend» سانلارمۇ ئارتىكىل «das » بولغان ئىسىم بۇلۇپ كىلىدۇ .

مەسلەن :

das Hundert ( يۈز )

das Tausend ( مىڭ )

Hundert von Menchen (يۈزلەرچە ئىنسان)

Tausende von Vögeln (مىڭلارچە قۇش)

پارچە سانلار :

1.9 eins Komma neun (بىر پۈتۈن ئوندىن تۇققۇز)

4.1 vier Komma eins (تۆت پۈتۈن ئوندىن بىر)

گېرمان تىلىدا يىللارنىڭ ئوقۇلىشى باشقىچە بولۇپ ، بۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

ئوقۇلىشى  : يىل :

1949 neunzehnhundertvierundneunzig

41

1945 neunzehnhundertfünfundvierzig

2003 zweitausenddrei

Die Uhrzeit (سائەتلەر)

1.گېرمان تىلىدا « uhr» (سائەت) نى قوللىنىشمۇ ياكى قوللانمىسىمۇ بولىدۇ .

Es ist eins ( سائەت بىر)

Es ist ein Uhr ( سائەت بىر)

Es ist fünf Uhr ( سائەت بەش)

Er kommt um 17 Uhr (ئۇ سائەت 17 دە كېلىدۇ)

Ich stehe um 6 auf ( مەن 6 دە قوپىمەن)

Ich stehe um 6 Uhr auf (مەن 6 دە قوپىمەن)

سائەتنىڭ ئېغىز تىلىدا قوشۇلىشى :

Der Zug färt um 7 abends. (پويىز ئاخشام 7 دە ماڭىدۇ)

Die Arbeit beginnt um 7 morgens. (ئىش ئەتىگەن 7 دە باشلىنىدۇ )

Bis zwei Uhr nachmittags ist ekrem in der Schule.

( چۈشتىن كېيىن سائەت 2 گىچە ئەكرەم مەكتەپتە )

يۇقاردىكى مىساللاردا قوللىنىلغان سائەت رەسمىي شەكىلدە تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ .

Der Zug fährt um 19:00 Uhr. (پويىز سائەت19:00 دە ماڭىدۇ)

Bis 14.00 ist ekrem in der Schule. (14:00 گىچە ئەكرەم مەكتەپتە)

گېرمانچىدا « vor» ( قالدى ) « nach» (ئۆتتى ) « Viertel» (چارەك ) لەر كەسىر سائەت دەپ ئاتىلىدۇ .

مىنۇت گېرمانچىدا «die Minute » دېيىلىدۇ .

مەسىلەن :

Es ist Viertel nach sieben. (يەتتىدىن چارەك ئۆتتى)

Es ist Viertel vor acht . (سەككىزگە چارەك قالدى)

Es ist drei Viertel nach fünf . (5-تىن 45 ئۆتتى)

fünf Minuten vor zwölf. (ئون ئىككىگە بەش قالدى)

zwölf Minuten nach vier. (4-تىن 12 ئۆتتى )

zehn nach neun . (9-دىن 10 ئۆتتى)

vier vor sieben. (7-گە 4 قالدى )



4:گېرمان تىلىدا يېرىم سائەتنىڭ ئىپادىلىنىشى ئۇيغۇر تىلى بىلەن پەرقلىنىدۇ ، گېرمانچىدا يېرىم « halb» دېيىلىدۇ .

مەسىلەن :

halb sieben (6:30 = ئالتە يېرىم)

halb neun (8:30 = سەككىز يېرىم)

halbvier ( ئۈچ يېرىم)

halb zehn ( تۇققۇز يېرىم)

Wir treffen uns um halb elf. (10:30-دا ئۇچرىشىمىز)

Er wird um halb fünf anrufen ( ئۇ 4:30 دا تېلېفون قىلماقچى )

Es wird um halb sechs dunkel. ( 5:30-دا كەچ كىرىدۇ )

## 2.2.5.2.Die Ordinalzahlen (دەرىجە سانلار )

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى تەرتىپى ، دەرجىسىنى بىلدۈرىدىغان سانلار دەرىجە سان دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا دەرىجە سانلار ، ساناق سانلارنىڭ ئاخىرىغا « نچى» «ئىنچى » نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن تۈزۈلىدۇ ،

گېرمان تىلىدا 1 دىن 20 گىچە بولغان سانلارغا «20 «te چوڭ بولغان سانلارغا « ste» قوشۇمچىسى

ئۇلىنىش بىلەن تۈزۈلىدۇ ، گېرمان تىلىدىكى «eins, drei, sieben, acht » دىگەن سانلار ئالاھىدە

يېزىلىدۇ ،

مەسىلەن :

eins ( بىر) erste ( بىرىنچى) zwei (ئىككى) zweite (ئىككىنچى)

drei(ئۈچ) dritte (ئۈچۈنچى) vier (تۆت) vierte (تۆتىنچى)

fünf (بەش) fünfte (بەشىنچى) sechs(ئالتە) sechste (ئالتىنچى)

sieben (يەتتە) siebte(يەتتىنچى) acht (سەككىز) achte (سەككىزىنچى)

neun (توققۇز) neunte (توققۇزىنچى) zwanzig (يىگىرمە)

zwanzigste (يىگىرمىنچى)

dreißig (ئوتتۇز) dreißigste (ئوتتۇزىنچى) vierzig (قىرىق)

vierzigste (قىرىقىنچى)

دەرىجە سانلار سۈپەتلەرگە ئوخشاش ئارتىكېل بىلەن ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ ، ۋە ئىسىمنىڭ ئارتىكېل

بىلەن يالغۇز قوللانغىنى بولىدۇ ، بۇنداق چاغدا بىرىنچى ھەرىپ چوڭ يېزىلىدۇ .



مەسىلەن:

der erste Schülerder ( بىر-ئوقۇغۇچى) Erste (بىرىنچى)

der zweite Tag (ئىككىنجى كۈن) der Zweite (ئىككىنجى)

der siebte Monatder (7- ئاي) Siebte (يەتتىنجى)

das neunte Zimmer (9- جى ئۆي) das Neunte (تۇققۇزىنجى)

Heute ist der Zwanzigste. (بۈگۈن ئايغا 20 مە)

Er kommt am Achte . (ئۇ ئاينىڭ سەككىزى كېلىدۇ)

Am einunddreißigsten August habe ich Geburtstag.

(ئاينىڭ 31 –كۈنى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم-8)

Der erste April ist mein Glückstag.

(1- ئاپرېل مېنىڭ تەلەيلىك كۈنۈم)

Peter ist der Erste in der Klasse.

(پېتېر سىنىپتا بىرىنجى)

Das ist unser zweiter Laden.

(بۇ ئىككىنجى دۇكىنىمىز)

Die achte Frau links ist meine Mutter.

(سولدىن 8-جي ئايال مېنىڭ ئاپام)

Wir leben im einundzwanzigsten Jahrhundert.

(بىز 21 –جى ئەسىردە ياشاۋاتىمىز)

Das vierte Auto gehört mir.

(4-جي ماشىنا مېنىڭ)



### 2.2.5.3.Die Bruchzahlen (كەسىر سانلار)

پۈتۈن نەرسىنىڭ پارچىسىنى ، بۆلەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سان كەسىر سان دەپ ئاتىلىدۇ ،

ئۇيغۇر تىلىدا كەسىر سانلار مەخرەجنى ۋە سۇرەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ساناق ساندىن تۈزۈلىدۇ ،مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان قوشۇمچىلىرى «دىن ، تىن»قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ ئالدىدا كېلىدۇ ، ئاندىن «دىن ،تىن »ئاندىن سۇرەتنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان كېلىدۇ، مەسىلەن:/3 4 گېرمان تىلىدا كەسىر سانلار 1 دىن 20 گىچە بولغان سانلارغا « tel»قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ .

20دىن چوڭ سانلارغا «stel»قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەن تۈزۈلىدۇ.گېرمانچىدا كەسىر سانلار ئادەتتىكى ئىسىملارغا ئوخشاش ئارتىكىل بىلەن قوللىنىلىدۇ ، ئارتىكىل بولسا «das»پەقەت ئۆلچەم ، ئېغىرلىق قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگەندە سۈپەتلىك رولىنى ئوينايدۇ .

1/3 ein Drittel (ئۈچتەن بىر) 4/1 ein Viertel (تۆتتەن بىر)

1/5 ein Fünftel (بەشتەن بىر) 7/1 ein Siebtel (يەتتىدەن بىر)

1/10 ein Zehntel (ئوندەن بىر ) 20/1 ein Zwanzigstel ( يىگىرمىدىن بىر )

1/30 ein Dreißigstel (ئوتتۇزدىن بىر ) 100/1 ein Hundertstel (يۈزدىن بىر)

1/1000 ein Tausendstel (مىڭدىن بىر ) 3/2 zwei Drittel (ئۈچتەن ئىككى)

3/4 drei Viertel (تۆتتەن ئۈچ ) 5/2zwei Fünftel (بەشتەن ئىككى )

9/10 neun Zehntel (ئوندەن توققۇز)

100 /2 zwei Hundertstel (يۈزدەن ئىككى)

گېرمانچىدىمۇ ئۇيغۇرچىغا ئوخشاش ئىككىدەن بىرنى(1/2) يېرىم دەپ قوللىنىدۇ.يېرىمنى ئىسىم ئورنىدا ئىشلەتكەندە «die Helfte» سۈپەت ئورنىدا ئىشلەتكەندە «halb» بولىدۇ.

1.5 anderthalb (بىر يېرىم ) 2.5 zweieinhalb (ئىككى يېرىم )

3.5 dreieinhalb (ئۈچ يېرىم) 4.5 viereinhalb (تۆت يېرىم )

2.2.5.4.Dieunbestimmten Zahladjektive (مۆلچەر سان ۋە سۈپەت)

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سانىنى تەخمىنەن كۆرسىتىدىغان سانلار مۆلچەر سانلار دەپ ئاتىلىدۇ .گېرمان تىلىدا

مۆلچەر سانلار ،سۈپەت بولۇپ قوللىنىلىدۇ .

viel (ناھايىتى كۆپ) wenig (ئاز، بىرئاز)

einzeln (ھەربىر . يالغۇز) andere (باشقا)

Sonstige ( باشقىسى) verschieden ( ھەرخىل)

zahllos (سانسىز، بىر سۈرە) zahlreich (ناھايىتى كۆپ. بىر مۇنچە)

gesamt (ھەممىسى .توپلام) ganz (پۈتۈن .ھەممىسى)

Alle solche Firmen sind gefährlich.

(مۇشۇ خىلدىكى پۈتۈن شىركەتلەر خەتەرلىك)

Ein solches Auto habe ich nie gesehen.

(مۇشۇنداق بىر ماشىنىنى ھېچ كۆرمىدىم)

Ein derartiges Buch habe ich nicht gelesen

(مۇشۇنداق بىر كىتاپنى ئوقۇمىدۇم)

Wir suchen ein solches Haus.

(مۇشۇنداق بىر ئۆي ئىزدەۋاتىمىز)

Ich will solch einen Ball kaufen.

(مۇشۇنداق بىر توپ سېتىۋىلىشنى ئويلايمەن)

2.3.Deklination des Adjektivs

(سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىنىشى)

ئۇيغۇر تىلىدا باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ،ياسالغان

سۈپەتلەر ياسالما سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن :

ish + chan = ئىشچان

Küch + luk = كۈچلۈك

46

بۇ مىسالدىكى ئىشچان ، كۈچلۈك بولسا ياسالما سۈپەتتۇر.گېرمان تىلىدا سۈپەتلەر ئۆزى ئىسىم بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلغاندا ئىسىمنىڭ ئالدىدىكى ئارتىكىلغا ئاساسەن تۆت كېلىش بويىچە تۈرلىنىپ كېلىدۇ ، بۇ گېرمان تىلىدا «Adjektiv deklination»دەپ ئاتىلىدۇ.

1:ئىسىملار ئېنىق بولغان ئارتىكىل بىلەن كەلگەندە ، ئارتىكىل بىلەن ئىسىمنىڭ ئارىسىدىكى سۈپەت تۆت كېلىش بويىچە تۆۋەندىكىدەك تۈرلىنىپ كېلىدۇ .

بىرلىك:

Nominativ:

| | | |
|---|---|---|
| der gute Mann | die gute Frau | das gute Kind |
| ( ياخشى ئەر) | (ياخشى ئايال) | (ياخشى بالا) |

Akkusativ:

| | | |
|---|---|---|
| den guten Mann | die gute Frau | das gute Kind |
| ( ياخشى ئەرنى) | (ياخشى ئايالنى) | (ياخشى بالىنى) |

Dativ :

| | | |
|---|---|---|
| dem guten Mann | der guten Frau | dem guten Kind |
| (ياخشى ئەرگە ) | (ياخشى ئايالغا ) | (ياخشى بالىغا) |

Genitiv:

| | | |
|---|---|---|
| des guten Mannes | der guten Frau | des guten Kindes |

(ياخشى ئەرنىڭ)　　　　(ياخشى ئايالنىڭ)　　　　(ياخشى بالىنىڭ)

يۇقاردىكى مىساللاردىن كۆرۈۋالىمىزكى ، ئىسىملارنىڭ ئارتىكىل تۈت كېلىشكە ماس ھالدا ئۆزگۈرۈش بىلەن بىرگە ئارتىكىل بىلەن ئىسىمنىڭ ئارىسىدىكى سۈپەتكە «Nominativta» ھەممىسگە «e» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ . «Akkusativta» ئەگەر ئىسىمنىڭ ئارتىكىل «der» بولسا سۈپەتكە «en» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ ، ئارتىكىل «die»ۋە«das» بولسا سۈپەتكە «e»قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ . «Dativ»ۋە «Genitiv»لاردا سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا ئوخشاشلا «en»قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ ،

كۆپلۈك:

Nominativ:

die guten Männer,　die guten Frau　die guten Kinder

(ياخشى ئەرلەر)　　　　(ياخشى ئاياللار)　　　　(ياخشى بالىلار)

Akk:

die guten Männer　die guten Frau　die guten Kinder

(ياخشى ئەرلەرنى)　　　　(ياخشى ئاياللارنى)　　　　(ياخشى بالىلارنى)

Dativ:

den guten Männern,　den guten Frauen,　den guten Kindern

(ياخشى ئەرلەرگە)　　　　(ياخشى ئاياللارغا)　　　　(ياخشى بالىلارغا)

Genitiv:

der guten Männer,　der guten Frauen,　der guten Kinder

(ياخشى ئەرلەرنىڭ )　　　　(ياخشى ئاياللارنىڭ)　　　　(ياخشى بالىلارنىڭ )

يۇقاردىكى مىساللاردىن كۆرۈۋالىمىزكى ، كۆپلۈكنى بىلدۈرگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىدىكى ئارتىكىل تۆت كېلىشكە ماس ھالدا ئۆزگۈرۈش بىلەن بىرگە ، سۈپەتكە تۆت كېلىشنىڭ ھەممىسگە ئوخشاش «en» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ .

سۈپەتكە ئۇلىنىپ كەلگەن قوشۇمچىلارنى ئىسىمىزدە ئاسان تۇتۇشىمىز ئۈچۈن تۆۋەندىكىچە جەدۋەللەشتۈرىمىز .

بىرلىك:

| | Maskulinum | Femininum | Neutrum |
|---|---|---|---|
| Nominativ | -e | -e | -e |
| Akkusativ | -en | -e | -e |
| Dativ | -en | -en | -en |
| Genitiv | -en | -en | -en |

كۆپلۈك :

| | | | |
|---|---|---|---|
| Nominativ | -en | -en | -en |
| Akkusativ | -en | -en | -en |
| Dativ | -en | -en | -en |
| Genitiv | -en | -en | -en |

2:ئارتىكىل ئوخشاش قوللىنىلغان «بۇ » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «dies»« شۇ» دېگەن مەنىنى

كىلىدىغان كەينىدىن ئالماشلارنىڭ قاتارلىق «jed» بىلدۈرىدىغان مەننى دىگەن «ھەر» «jen» بىلدۈرىدىغان

ئاساسەن ئارتىكىلغا ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئالماشلارنىڭ بۇ. تۈرلىنىدۇ ئوخشاش تۈرگىنىمىزگە كۆرگىنىمىزگە يۇقاردا سۈپەتلەر،

«er-e-es»قوشۇلغۇچىلىرى ئۇلىنىدۇ .

مەسلەن : بىرلىك

| بىرلىك: | die- | jen- | jed |
|---|---|---|---|
| der Mann - | dieser Mann - | jener Mann | jeder Mann |
| ( ئەر) | (بۇئەر ) | ( شۇ ئەر) | (ھەر ئەر) |
| die Frau | -diese Frau- | jene Frau - | jede Frau |
| (ئايال) | (بۇ ئايال ) | (شۇ ئايال) | (ھەر ئايال ) |
| das Kind- | dieses Kind- | jenes Kind | jedes Kind |
| (بالا) | (بۇ بالا) | (شۇ بالا) | (ھەربالا) |

كۆپلۈك:

| | | | |
|---|---|---|---|
| die Männer - | diese Männer – | jene Männer- | jede Männer |
| (ئەرلەر) | (بۇ ئەرلەر) | (شۇ ئەرلەر) | (ھەر ئەرلەر) |
| die Frauen | diese Frauen | jene Frauen | jede Fauen |
| (ئاياللار) | (بۇ ئاياللار) | (شۇ ئاياللار) | (ھەر ئاياللار) |

diese gute Mann (بۇ ياخشى كىشى)

jene gute Frau (شۇ ياخشى ئايال)

jedes gute Kind ( ھەر ياخشى بالا)

diese gute Männer ( بۇ ياخشى كىشىلەر)

dieses alte Haus (بۇ كونا ئۆي)

jener neue Stuhl ( شۇ يېڭى ئورۇندۇق)

48

3:«keine»«kein» دىن كېيىن كەلگەن سۈپەتلەرگە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن تۈرلىنىدۇ .

بىرلىك:

Maskulinum-Femininum Neutrum

Nominativ:

kein guter Mann keine gute Frau kein gutes Kind

Akk:

keinen guten Mann keine gute Frau kein gutes Kind

Dativ:

keinem guten Mann keiner guten Frau keinem guten Kind

Genitiv:

keines guten Mann keiner guten Frau keines guten Kindes

كۆپلۈك:

Nominativ:

keine guten Männer keine guten Frauen keine guten Kinder

Akk:

keine guten Männer keine guten Frauen keine guten Kinder

Dativ:

keinen guten Männern keinen guten Frauen keinen guten Kindern

Genitiv:

keiner guten Männer keiner guten Frauen keiner guten Kinder

ئالماشلار« mein,meine ,dein, deine,sein, seine, ihr, ihre, unser » لار

بىلەن قۇللىنىلغان سۈپەتلەرمۇ بۇلۇشسىز ئارتىكېل « kein, keine »بىلەن كىلىدىغان سۈپەتلەرگە ئوپمۇ

ئوخشاش تۈرلىنىدۇ ، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاخرىغا ئۇلىنىلىدىغان قۇشۇمچىلار تۇۋەندىكىچە :

بىرلىك :

| | Maskulinum | Femininum | Neutrum |
|---|---|---|---|
| Nominativ: | -er | -e | -es |
| Akk : | -en | -e | -es |
| Dativ : | -en | -en | -en |
| Genitiv : | -en | -en | -en |

كۆپلۈك:

| | | | |
|---|---|---|---|
| Nominativ: | -en | -en | -en |
| Akk : | -en | -en | -en |
| Dativ : | -en | -en | -en |
| Genitiv : | -en | -en | -en |

49

مىساللار:

Mein kleiner Bruder ist 6 Jahre alt.

( كىچىك ئۇكام 6 ياشتا)

Das ist das Auto deines alten Freundes.

(بۇ بۇرۇنقى دوستۇمنىڭ ماشىنىسى)

Die Sekretärin unseres neuen Chefs ist schön.

(يېڭى باشلىغىمىزنىڭ كاتىپى چىرايلىق)

Dieses Fahrrad gehört seinem jungen Vater.

(بۇ ۋەلسىپىت ئۇنىڭ ياش دادىسىنىڭ)

Kein kluger Mensch kann diesen Wagen kaufen.

(ئەقىللىق بىر ئىنسان بۇ ماشىنىنى ئالماس)

Ich sehe da keinen bellenden Hund.

( ئۇ يەردە قاۋىغان ئىت كۆرمىدىم )

Er macht keine guten Photos.

(ئۇ ياخشى رەسىم تارتالمايدۇ)

Der Lehrer dankt seinem fleißigen Schüler.

(ئوقۇتقۇچى تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارغا رەھمەت ئېيتتى)

.....................................................................................

3: ئارتىكىلسىز قوللىنىدىغان سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىنىشى :

| | Maskulinum | Femininum | Neutrum | بىرلىك: |
|---|---|---|---|---|
| Nominativ: | guter Mann | gute Frau | gutes Kind | |
| | (ياخشى ئەر) | (ياخشى ئايال) | (ياخشى بالا) | |
| Akk : | guten Mann | gute Frau | gutes Kind | |
| | (ياخشى ئەرنى) | (ياخشى ئايالنى) | (ياخشى بالىنى) | |
| Dativ: | gutem Mann | guter Frau | gutem Kind | |
| | (ياخشى ئەرگە ) | (ياخشى ئايالغان) | (ياخشى بالىغا) | |
| Genitiv: | guten Mannes | guter Frau | guten Kindes | |

(ياخشى ئەرنىڭ)　　　　(ياخشى ئايالنىڭ)　　　　(ياخشى بالىنىڭ )

كۆپلۈك:

Nomonativ:  gute Männer      gute Frauen      gute Kinder

Akk:            gute Männer     gute Frauen       gute Kinder

Dativ:          guten Männern    guten Frauen   guten Kindern

50

Genitiv:      guter Männer       guter Frauen       guter Kinder

بۇ خىلدىكى سۈپەتلەرگە قوشۇلغان قوشۇمچىلار :

بىرلىك:

Maskulinum                Femininum

Neutrum

Nominativ:          -er                    -e                    -

es

Akk :          -en                    -e                    -

es

Dativ :          -em                    -er                    -

em

Genitiv :          -en                    -er                    -

en

كۆپلۈك:

Nominativ:          -e                    -e                    -

e

| | | | |
|---|---|---|---|
| Akk : | -e | -e | -e |
| Dativ : | -en | -en | -en |
| Genitiv : | -er | -er | -er |

ئىككى ، ئۈچ ، تۆتكە ئوخشاش سان سۈپەتلەرمۇ ۋە (« mach» بەزى) («solch » مۇشۇنداق بىرى) (« viel » كۆپ) (wenig ئاز) (welch قايسى) (etwas بىر ئاز) (mehr كۆپ) گە ئوخشاش سۆزلەرمۇ يۇقاردىكى سۈپەتلەرگە ئوخشاش تۈرلىنىپ كىلىدۇ .

مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| drei alte Autos | (ئۈچ كونا ماشىنا) |
| sechs kleine Flaschen | (ئالتە كىچىك بوتولكا) |
| neuen kleine kinder | (كىچىك بالا 9) |
| solche guter Mensch | (مۇشۇنداق ياخشى ئىنسان) |
| solche teure Kleider | (مۇشۇنداق قىممەت كىيىم) |
| viel neue Schüler | (كۆپلىگەن يېڭى ئوقۇغۇچىلار) |
| wenig gutes Essen | (ئاز ياخشى تاماق) |
| etwas dickes Papier | (بىر ئاز قېلىن قەغەز) |
| etwas warmes Wasser | (بىر ئاز قىززىق سۇ) |

4: ئېنىق بولمىغان ئارتىكىل « ein,eine » دىن كېيىن كەلگەن سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىنىشى .

| | Maskulinum | Femininum | Neutrum |
|---|---|---|---|
| بىرلىك: | | | |
| Nominativ: | ein guter Mann | eine gute Frau | ein gutes Kind |
| | (ياخشى بىر ئەر) | (ياخشى بىر ئايال) | (ياخشى بىر بالا) |
| Akku: | einen guten Mann | eine gute Frau | ein gutes Kind |

(ياخشى بىر بالىنى) (ياخشى بىر ئايالنى) (ياخشى بىر ئەرنى)

Dativ: einem guten Mann einer guten Frau einem guten Kind

(ياخشى بىر بالىغا) (ياخشى بىر ئايالغا) (ياخشى بىر ئەرگە)

Genitiv: eines guten Mannes einer guten Frau

(ياخشى بىر ئايالنىڭ) (ياخشى بىر ئەرنىڭ)

eines guten Kindes

(ياخشى بىر بالىنىڭ)

كۆپلۈك:

| | | | |
|---|---|---|---|
| Nominativ: | gute Männer | gute Frauen | gute Kinder |
| Akku: | gute Männer | gute Frauen | gute Kinder |
| Dativ : | guten Männern | guten Frauen | guten Kindern |
| Genitiv: | guter Männer | guter Frauen | guter Kinder |

سۈپەتكە ئۇلانغۇچى قوشۇمچىلار :

| | Maskulinum | Femininum | Neutrum |
|---|---|---|---|
| بىرلىك: | | | |
| Nominativ: | -er | -e | -es |
| Akku : | -en | -e | -es |
| Dativ : | -en | -en | -en |
| Genitiv : | -en | -en | -en |

Köpluk:

| | | | |
|---|---|---|---|
| Nominativ: | -e | -e | -e |
| Akku : | -e | -e | –e |
| Dativ : | -en | -en | -en |
| Genitiv : | -er - | er | -er |

مىساللار :

eine schöne Blume (چىرايلىق بىر گۈل)

eine berühmter Künstler (داڭلىق بىر سەنئەتكار)

ein freches Kind (كەپسىز بىر بالا)

einen fremden Arzt (چەتئەللىك بىر دوختۇرنى)

einem jungen Studenten (ياش بىر ئۇقۇغۇچىغا)

einer großen Schule (چوڭ بىر مەكتەپكە)

einem häßlichen Mädchen (سەت بىر قىزغا)

eines verstorbenen Professors (ئۆلۈپ كەتكەن بىر پىراپىسسۇرنىڭ)

eines neuen Hauses (يېڭى بىر ئۆينىڭ)

einer fleißigen Schülerin (تىرىشچان بىر قىز ئۇقۇغۇچىنىڭ)

schöne Blumen (چىرايلىق گۈللەر)

berühmte Künstler (داڭلىق سەنئەتچىلەر)

freche Kinder (كەپسىز باللار)

fremde Ärzte (چەتئەللىك دوختۇرلارياكى چەتئەللىك دوختۇرلارغا)

jungen Studenten (ياش ئۇقۇغۇچىلارغا)

großen Schulen (چوڭ مەكتەپلەرگە)

heßlichen Mädchen (سەت قىزلارغا)

52

verstorbener Professoren (ئۆلگەن پىراپفىسسۇرلارنىڭ)

neuer Häuser (يېڭى ئۆيلەرنىڭ)

fleißiger Schülerinnen (تىرىشچان قىز ئۇقۇغۇچىلارنىڭ)

يۇقاردىكى مىساللاردىكى « Akkusativ » كىلىشتىكى ئارتىكېل « der »بولغان ئىسىملاردىن باشقىلارنى ھەم « Nominativ »كىلىش بىلەن ھەم « Akkusativ » كىلىش بىلەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇلىدۇ ، چۈنكى ھەر ئىككى كىلىشنىڭ سۈپەت ياسىغۇچىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن .بۇلارنىڭ قانداق كىلىشتە كەلگەنلىكى جۈملە ئىچىدىكى مەنىسىگە ۋە ئىسىمنى قانداق مەخسەتتە قۇللانغانلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز .

مەسلەن :

| Nominativ كىلىش | | Akkusativ كىلىش |
|---|---|---|
| eine schöne Blume | (چىرايلىق بىر گۈلنى ) | (چىرايلىق بىر گۈل) |
| ein freches Kind | (كەپسىز بىر بالىنى) | (كەپسىز بىر بالا) |
| schöne Blumen | (چىرايلىق گۈللەرنى ) | (چىرايلىق گۈللەر ) |
| freche Kinder | (كەپسىز باللارنى) | (كەپسىز باللار) |
| fremde Arzte | (چەتئەللىك دوختۇرلارنى) | (چەتئەللىك دوختۇرلار) |

ئارتىكېل « die » بولغان ئىسىملارنىڭ « Dativ »بىلەن «Genitiv» مۇ سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ئوخشاش بۇلۇپ ،ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا جۈملە ئىچىدىكى مەنىسى ۋە قوللانغان مەخسەتكە قاراپ تەرجىمە قىلىمىز .

مەسلەن :

Dativ كىلىش Genitiv كىلىش

einer großen Schulen. (چوڭ بىر مەكتەپنىڭ) (چوڭ بىر مەكتەپكە)

einer fleißigen Schülerin (تىرىشچان بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ)

(تىرىشچان بىر قىز ئوقۇغۇچىغا)

5: گېرمان تىلىدىكى سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىنىشى ئاساسەن يۇقاردا سۆزلەنگەن قايىدە بويىچە تۈرلىنىدۇ ، لېكىن بەزى سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىنىشى يۇقادىكى قائىدىگە بوي سۇنمايدۇ ، بۇ گېرمان تىلىدىكى ئالاھىدە ئەھۋال .

مەسىلەن :

ئاخىردا « el,-abel,-ibel » بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتلەر قانداق كىلىشتە تۈرلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر ، ئاخىرقى سۇزۇق تاۋۇش « e » چۈشۈپ قالىدۇ.

Dunkel (قاراڭغۇ)

ein dunkles Zimmer (قاراڭغۇ ئۆي )

akzeptabel (قوبۇل قىلىش ، ئېتراپ قىلىش )

53

ein akzeptables Angebot( قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان بىر تەكلىپ)

sensibel (زىرەك)

ein sensibles Mädchen (زىرەك بىر قىز )

nobel (ئېسىل ، ئاجايىپ)

ein nobel Herr (ئېسىل بىر ئەپەندى)

2.4. Die Komporation der Adjetive

سۈپەت دەرىجىلىرى :

ئادەم ۋە نەرسىلەردە بولىدىغان بىر خىل تۈردىكى سۈپەتلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق ياكى كەملىك دەرىجىسى جەھەتتىن پەرىقلىنىش ، سۈپەت دەرجىسى دەپ ئاتىلىدۇ ، ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەر بەش دەرىجىگە بولىنىدۇ .

1. ئەسلى دەرىجە: قارا . ئېگىز

2. سېلىشتۇرما دەرىجە : قارىراق . ئېگىزرەك

3. ئاشۇرما دەرىجە : قاپقارا . بەك ئېگىز

4. قايتۇرما دەرىجە: قارامتۇل . پاكارراق

5. ئەركىلەتمە دەرىجە : قاراغىنا . ئېگىزگىنەي

گېرمان تىلىدا سۈپەت دەرىجىسى « der Komparation » ياكى « Vegleichsformen » دېيىلىدۇ . گېرمان تىلىدىكى سۈپەت دەرىجىسى ئۈچ دەرىجىگە بۆلىنىدۇ .

1. Der Positiv (ئەسلى دەرىجە)

2.Der Komparativ (سېلىشتۇرما دەرىجە)

3. Der Superlativ (ئاشۇرما دەرىجە)

2.4.1. Der Positiv

(ئەسلى دەرىجگ )

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى سېلىشتۇرماي . ئاشۇرماي . كەمەيتمەي ، ئادەتتىكىچە ئىپادىلىگەن سۈپەت شەكلى ئەسلى دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ ، ھازىرغىچە كۆرگىنىمىز ۋە ئىشلىتىۋاتقان سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ، سۈپەتلەرنىڭ ئەسلى دەرجىسى.

jung (ياش) stark (كۈچلۈك)

groß (چوڭ) nützlich (ياراملىق)

lang (ئۇزۇن) weich (يۇمشاق)

54

2.4.2.Der Komparativ

(سېلىشتۇرما دەرىجە )

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ ، بىرنى ئىككىنچىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كەمەيتىپ كۆرسىتىدىغان

سۈپەت شەكلى سېلىشتۇرما دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ ، گېرمان تىلىدا سېلىشتۇرما دەرىجە ئەسلى دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا « er » قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ .

Positiv : Komparativ:

klein (كىچىك) kleiner (كىچىكرەك)

schön (چىرايلىق) schöner (چىرايلىقراق)

billig (ئەرزان) billiger (ئەرزانراق)

reich (باي) reicher (بايراق)

dick ( قېلىن ) dicker (قېلىنراق)

fleißig (تىرىشچان) fleißiger (تىرىشچانراق)

schnell (چاپسان) schneller(چاپسانراق)

سېلىشتۇرما دەرىجە بەزىدە سۈپەتلەردىكى سوزۇق تاۋۇش « a,o,u » لارنىڭ ئۈستىگە ئىككى چېكىت قويۇلۇپ « ä, ö, ü » گە ئۆزگىرىدۇ.

Positiv: Komparativ:

groß ( چوڭ ) größer (چوڭراق)

jung (ياش) jünger (ياشراق)

alt (قېرى) älter ( قېرىراق )

arm (كەمبەغەل) ärmer (كەمبەغەلرەك)

schwach (ئورۇق) schwächer(ئورۇقراق)

stark (كۈچلۈك) stärker (كۈچلۈكرەك)

hart (قاتتىق) härter (قاتتىقراق)

warm (ئىسسىق) wärmer (ئىسسىقراق)

سېلىشتۇرما دەرىجىسىدىكى سۈپەتلەر ئاخىرى « el, -er » بىلەن كەلگەن سۈپەتلەردىكى ئاخىرقى سوزۇق

تاۋۇش « e » چۈشۈپ قېلىش بىلەن ياسىلىدۇ .

Positiv:

Komparativ:

Teuer (قىممەت ) teurer (قىممەترەك)

Dunkel (قاراڭغۇ) dunkler (قاراڭغۇراق)

Sauer (چۈچىمەل) saurer (چۈچىمەلرەك)

Edel (ساپ.ئېسىل) edler (ساپراق,ئېسىلراق)

2.4.3. Der

Superlativ

(ئاشۇرما دەرىجە )

شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى ، خۇسۇسىيىتىنى ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان سۈپەت شەكلى ئاشۇرما دەرىجە

دەپ ئاتىلىدۇ .



گېرمان تىلىدا « Superlativ » سۈپەتلەرنىڭ ئەسلى شەكلىگە « st, -est » قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى

بىلەن ياسىلىدۇ .

Positiv:

Superlativ:

Klein (كىچىك) kleinst (ئەڭ كىچىك)

schön (چىرايلىق) schönst (ئەڭ چىرايلىق)

fleißig (تىرىشچان) fleißigst (ئەڭ تىرىشچان)

bunt (رەڭلىك) buntest (رەڭمۇ- رەڭ)

süß (تاتلىق) süßest (ئەڭ تاتلىق)

wenig (ئاز) wenigst (ئەڭ ئاز)

weit (يىراق) weitest (بەك يىراق)

bekannt (مەشھۇر) bekanntest (ئەڭ مەشھۇر)

glaubhaft (ئىشەنچلىك) glaubhaftest (ئەڭ ئىشەنچلىك)

ئاشۇرما دەرىجىدە بەزى سۈپەتلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇش « a, o, u »نىڭ ئۈستىگە ، ئىككى كىچىك چېكىت قويۇلۇپ تاۋۇش ئۆزگىرىپ « ä, ö, ü » بولىدۇ .

Positiv: Superlativ:

alt (قېرى) ältest (بەك قېرى)

kalt (سوغاق) kältest (قاتتىق سوغۇق)

lang (ئۇزۇن) längst (ئەڭ ئۇزۇن)

warm (ئىسسىق) wärmst (ئەڭ ئىسسىق)

rot (قىزىل) rötest (قىپ قىزىل)

gesund (ساغلام) gesündest(بەك ساغلام)

ئاشۇرما دەرىجىدىكى سۈپەتلەر ئادەتتىكى سۈپەتلەرگە ئوخشاش ئارتىكىل بىلەن ئىسىمنىڭ ئارىسىدا كېلىپ ھەرقايسى كېلىشلەرگە ماس ھالدا تۈرلىنىدۇ .

Nominativ: der älteste Lehrer (ئەڭ قېرى ئوقۇتقۇچى)

Akku: den ältesten Lehrer (ئەڭ قېرى ئوقۇتقۇچىنى)

Dativ: dem ältesten Lehrer ( ئەڭ قېرى ئوقۇتقۇچىغا)

Genitiv: des ältesten Lehrer (ئەڭ قېرى ئوقۇتقۇچىنىڭ)

ئاشۇرما دەرىجىدىكى سۈپەتلەر جۈملە ئىچىدە يالغۇز قوللىنىلغاندا . سۆز ئالدى قوشۇلغۇچى « an » بىلەن ئارتىكىل « dem » نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن سۆز ئالدى قوشۇلغۇچىسى « am » قوشۇلۇپ كېلىپ

ئاخىرغا « en » قوشۇلغۇچىسى ئۇلىنىدۇ ،

schönst (ئەڭ چىرايلىق) am schönsten (ئەڭ چىرايلىق)

billigst (ئەڭ ئەرزان) am billigsten (ئەڭ ئەرزان)

längst (ئەڭ ئۇزۇن) am längsten (ئەڭ ئۇزۇن)

größt (ئەڭ چوڭ) am größten (ئەڭ چوڭ)

Dieser Schüler ist am fleißigsten (بۇ ئوقۇغۇچى ئەڭ تىرىشچان)

Sein Sohn ist am klügsten (ئۇنىڭ ئوغلى ئەڭ ئەقىللىق)

Dieses Bild ist am schönsten (بۇ رەسىم ئەڭ چىرايلىق)



قائىدىگە چۈشمەيدىغان سۈپەت دەرىجىلىرى :

Positiv: Komparativ: Superlativ:

gut (ياخشى) besser (ياخشىراق) best, am besten(ئەڭ ياخشى)

hoch (ئېگىز) höher(ئېگىزرەك) höchst,am höchsten(ئەڭ ئېگىز)

nahe(يېقىن) näher(يېقىنراق) nächst,am nächsten(ئەڭ يېقىن)

wenig(ئاز) minder(ئازراق) mindest,am mindesten(ئەڭ ئاز)

## 2.4.4.Sätz mit den Vergleichsformen

سۈپەت دەرىجىسى بىلەن كەلگەن جۈملىلەر :

1.ئوخشاشلىقنى بىلدۈرىدىغان « so....wie » بولسا باغلىغۇچى «» بىلەن « so » دىن تۈزۈلگەن بولۇپ

تۈۋەندىكى جۈملە شەكلىدە كېلىدۇ .

so .....wie ( چىلىكگە ... ئوخشاش)

so klein wie (گە ئوخشاش كىچىك.....)

so hoch wie (گە ئوخشاش چوڭ.....)

so teuer wie ( چىلىك قىممەت....)

Hans ist so groß wie Paul.

(هانس پائولچىلىك چوڭ)

Der Lehrer ist so alt wie unser Vater.

(ئوقۇتقۇچى دادام  دىمەتلىك)

Diese Fragen sind so schwer wie die anderen.

(بۇ سوئاللار باشقا سوئاللارغا ئوخشاش قىيىن)

Sie ist so klug wie Ihr Sohn.

(ئۇ سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىزغا ئوخشاش ئەقىللىق)

2: سېلىشتۇرما دەرىجىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ .

genauso ( ئوخشاش)

doppelt so ( ئىككى ھەسسىگە)

dreimal so ( ئۈچ ھەسسىگە)

Die Tür ist genauso groß wie das Fenster.

(ئىشىك  دەرىزىگە ئوخشاش چوڭلۇقتا)

Der Korb ist doppelt so schwer wie meine Tasche.

( سېۋەت مېنىڭ سومكامنىڭ ئىككى ھەسسىچىلىك ئېغىر)

Sein Haus ist dreimal so groß wie unser Büro.

( ئۇنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئىشخانىمىزنىڭ ئۈچ ھەسسىچىلىك چوڭلۇقتا)

بەزى سۈپەتلەر سېلىشتۇرما دەرىجىنى بىلدۈرگەندە سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا « er » قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ، جۈملە ئىچىدە « als » بىلەن بىرگە كېلىدۇ .

Klein (كىچىك) kleiner (كىچىكرەك) kleiner als..... (... دىن كىچىكرەك)

Ein Turm ist höher als ein Haus. (بىر مۇنار بىر ئۆيدىن ئېگىزرەك )

Sie ist kürzer als meine Schwester. (ئۇ مېنىڭ سىڭلىمدىن پاكارراق)

Er verdient mehr als ich (ئۇ مەندىن كۆپرەك تاپىدۇ)

Ich laufe schneller als Inge ( مەن Inge دىن تېزرەك يۈگۈرەيمەن)

3: ئاشۇرما دەرىجىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنىڭ جۈملە ئىچىدىكى كېلىشى .

Dieser Stuhl ist am besten. (بۇ ئورۇندۇق ئەڭ ياخشى)

Dieses Auto ist am schnellsten. ( بۇ ماشىنا بولسا ئەڭ تېز)

4: بەزى سۈپەتلەرنى ئاشۇرما دەرىجىسىدە قوللىنىش ئۈچۈن ئارىسىغا « und » باغلىغۇچىنى قوشۇپ ، سۈپەتنى تەكرارلايمىز .

Das Wasser wird wermer und wärmer. (سۇ بارغانسىرى ئىسسىيدۇ)

Das Wetter wird kelter und kälter. ( ھاۋا بارغانچە سوغۇق بولىدۇ)

Sie wird dicker und dicker. (ئۇ بارغانچە سەمرىيدۇ)

سۈپەتنىڭ ئالدىغا « mehr und mehr » قوشۇلۇپ كېلىپ ئاشۇرما دەرىجىنى بىلدۈرىدۇ ، ئۇيغۇرچىدا بارغانسىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

Sie wird mehr und mehr schön. (ئۇ بارغانسىرى گۈزەللىشىدۇ)

Fleisch wird mehr und mehr teuer. (گۆش بارغانسىرى قىممەتلىشىدۇ)

5: بۇ « je....desto .... » دېگەن باغلىغۇچىلار ئىككى سۈپەت سېلىشتۇرما دەرىجىسى بىلەن بىرگە قۇللۇنۇپ ، ئىككى سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ .

58

ئۇيغۇرچىدا « قانچە ، ، ، ، بولسا ، ، ، ، شۇنچە » دېگەن مەنىدە كىلىدۇ .

je kleiner desto besser. (قانچە كىچىك بولسا شۇنچە ياخشى)

je besser desto teuerer. ( قانچە ياخشى بولسا شۇنچە قىممەت)

6: بەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «»دېگەن سۈپەتمۇ سۈپەت دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ .

Er ist ziemlich groß. (ئۇ بەك چوڭ )

Wir sind ziemlich müde. (بىز بەك ھېرىپ كەتتۇق)

7: بەكلا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئالدى قوشۇمچىسى « zu » سۈپەتنىڭ ئالدىدا كىلىپ ، ئاشۇرما دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ .

Diese Mauer ist zu hoch. (بۇ تام بەكلا ئېگىزكەن )

Er ist zu faul (ئۇ بەكلا ھورۇن)

Ablimit ist zu still (ئابلىمىت بەكلا جىمغۇر)

8: بۇ « so......wie möglich / möglichst » مۇمكىن قەدەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى سۆز سۈپەت بىلەن بىللە قۇللىنىپ ، ئاشۇرما دەرىجىنى تۈزەيدۇ.

so stark wie möglich. (مۇمكىن قەدەر كۈچلۈك)

so groß wie möglich. (مۇمكىن قەدەر چوڭ)

möglichst klein. (مۇمكىن قەدەر كىچىك)

möglichst lang. (مۇمكىن قەدەر ئۇزۇن)

Das Zimmer soll so groß wie möglich (ئۆي مۇمكىن قەدەر چوڭ بولسۇن)

59

Wir suchen möglichst junge Techniker.

( بىز مۇمكىن قەدەر ياش تەخنىكلارنى ئىزدەيمىز)

2.4.5.Adjektive ohne Vergleichsform

(دەرىجىسىز سۈپەتلەر)

بەزى سۈپەتلەر يا سېلىشتۇرما يا ئاشۇرما دەرىجىدە كەلمەيدۇ .

مەسىلەن :

schriftlich (يېزىقچە)   müdlich (ئېغىزچە)   ledig (بويتاق)

tot (ئۆلۈم) stumm (گاچا)   sterblich (ئۆلەرمەن)

rund (يۇقۇملۇق)   lebendig (جانلىق)

Nackt (يالىڭاچ)   viereckig (تۆت بۇلۇڭ)   unglaublich ( مۇمكىن ئەمەس)

kinderlos (بالىسىز)   unrettbar (قۇتۇلغىلى بولمايدىغان)

obdachlos (ئۆيسىز يىتىم يىسىرلار)   lila (سۆسۈن رەڭ)

oliv (زەيتۇن رەڭ)   halb (يېرىم)

rosa (هال رەڭ)   einzig ( بىردىن بىر )   zwei (ئىككى)

3.Das Verb

(پېئىل)

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش- هەركىتىنى هەم هالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركىمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

kommen (كەلمەك)   schlafen (ئۇخلىماق)   helfen (ياردەم ئەتمەك)

regnen (يامغۇر ياغماق)   bleiben (قالماق)   schreiben (يازماق)

gehen (ماڭماق ، كەتمەك) erfrieren (مۇزلىماق)

60

## 3.1.Die Gruppe der Verben

(پېئىل گۇرۇپپىلىرى)

پېئىللار مەنا ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن ئىشلىتىلىش جەھەتتىن ھەر- خىل گۇرۇپپىلارغا بۆلىنىدۇ.

### 3.1.1. Bedeutungsgruppen

(مانا گۇرۇپپىلىرى)

پېئىللار مەنىسىگە ئاساسەن ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلىنىدۇ .

1.Handlungsverben (ھەرىكەت ، پائالىيەتنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار)

2.Vorgangsverben (ۋەقە ، ئۆزگۈرۈشلەرنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار)

3.Zustandsverben (ۋەزىيەتنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار)

Handlungsverben : ھەرىكەت ، پائالىيەتنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار

spielen (ئوينىماق) gehen (كەتمەك) lachen (كۈلمەك)

kommen (كەلمەك) laufen (يۈگۈرمەك)

Vorgangsverben : ۋەقە ، ئۆزگۈرۈشلەرنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار

fallen (يىقىلىپ چۈشمەك) erfrieren (مۇزلىماق)

fiebern (قىززىماق) verblühen (سۇلاشماق)

Zustandsverben : ۋەزىيەتنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار

stehen (تۇرماق) liegen (ياتماق)

wohnen (ئولتۇراقلاشماق) bleiben (قالماق)

## 3.1.2. Vollverben, Hillsverben

(تۆلۇق پېئىل، ياردەمچى پېئىل)

گېرمان تىلىدا پېئىللار گىراممېتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئاساسەن تۆلۇق پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

### 1.Vollverben

(تۆلۇق پېئىل)

گېرمان تىلىدىكى تۆلۇق پېئىل ، ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەققىل پېئىلغا ئوخشاپ كېتىدۇ ، يەنى ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بۇلۇپ كېلەلەيدۇ . ناھايىتىمۇ ئاز ساندىكى ياردەمچى پېئىللاردىن باشقا ھەممىسى تۆلۇق پېئىللارغا كىرىدۇ .

61

مىساللار :

| | |
|---|---|
| Mijit bekommt einen Brief. | (مىجىت بىر خەت تاپشۇرۇۋېلىۋاتىدۇ) |
| Wir gehen heute ins Kino. | ( بۈگۈن كىنوغا بارىمىز) |
| Die Kinder spielen im Garten. | (باللار باغچىدا ئويناۋاتىدۇ) |
| Rinat fehrt heute nach England. | (رىنات بۈگۈن ئەنگلىيەگە ماڭىدۇ) |

### 2.Hilfsverben

(ياردەمچى پېئىللار)

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان ، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ قوشۇمچە مەنا بىلدۈرىدىغان پېئىل، ياردەمچى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ ، گېرمان تىلىدا ياردەمچى پېئىلغا كىرىدىغان ئاساسلەق ئۈچ پېئىل بار .

haben, sein, werden.

بۇ ئۈچ پېئىلدىن باشقا يەنە ئالتە مودال پېئىلي بار :

können, dürfen, müssen, sollen, wollen, mögen.

« haben » ئىگە بولماق ، پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان ۋە ئۆتكەن زاماندا تۈرلىنىشى :

شەخسلەر:

( بىرلىك)

Präsens: (هازىرقى زامان)

Präteritum :(ئۆتكەن زامان)

Perfekt: (ئۆتكەن زامان)

(1-شەخس) ich habe hatte habe....gehabt

(2-شەخس) du hast hattest hast.....gehabt

(3-شەخس) er hat hatte hat .......gehabt

(3-شەخس) sie hat hatte hat........gehabt

(3-شەخس) es hat hatte hat........gehabt

62

كۆپلۈك :

(1-شەخس)wir haben hatten haben......gehabt

(2-شەخس) ihr habt hattet habt..........gehabt

(3-شەخس) sie haben hatten haben.......gehabt

هۆرمەت بىلەن ئاتەش :

(2-شەخس) Sie haben hatten haben.......gehabt

« sein » بولسا ، مەۋجۇت ، ياردەمچى پېئىللىك هازىرقى ۋە ئۆتكەن زاماندا تۈرلىنىشى :

شەخسلەر :

(بىرلىك)

Präsens: (هازىرقى زامان)

Präteritum: (ئۆتكەن زامان)

Perfekt: (ئۆتكەن زامان)

(1-شەخس) ich bin war bin....gewesen

(2-شەخس) du bist warst bist....gewesen

(3-شەخس) er ist war ist......gewesen

(3-شەخس) sie ist war ist.....gewesen

(3-شەخس) es ist war ist.....gewesen

كۆپلۈك :

(1-شەخس) wir sind waren sind....gewesen

(2-شەخس) ihr seid wart seid....gewesen

(3-شەخس) sie sind waren sind....gewesen

(2-شەخس) Sie sind waren sind....gewesen

« werden » بولماق ، ياردەمچى پېئىلنىڭ هازىرقى ۋە ئۆتكەن زاماندا تۈرلىنىشى :

شەخسلەر :

(بىرلىك)

| Präsens: (هازىرقى زامان) | Präteritum: (ئۆتكەن زامان) | Perfekt: (ئۆتكەن زامان) |
|---|---|---|
| (1-شەخس) ich werde | wurde | bin...geworden |
| (2-شەخس) du wirst | wurdest | bist..geworden |
| (3-شەخس) er wird | wurde | ist.....geworden |
| (3-شەخس) sie wird | wurde | ist.....geworden |
| (3-شەخس) es wird | wurde | ist.....geworden |



كۆپلۈك :

(1-شەخس) wir werden wurden sind....geworden

(2-شەخس) ihr werdet wurdet seid....geworden

(3-شەخس) sie werden wurden sind....geworden

(2-شەخس) Sie werden wurden sind...geworden

3.Modal verben

(مودال پېئىل)

مودال پېئىللار ئۇيغۇرچىدا ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ، بۇ پېئىللار چوقۇم بىر مۇستەقىل پېئىل بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىدۇ ۋە بۇ پېئىللار ، جۈملىدىكى ئىپادىلىمەكچى بولغان مەخسەتكە ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىدۇ .

können ( بىر نەرسىنى قىلىشقا ئىقتىدارلىق بولماق)

dürfen (بىر نەرسىنى قىلىشقا رۇخسەتكە ئىگە بولماق)

müssen (بىر نەرسىنى قىلىشقا مەجبۇر بولماق)

sollen (بىر نەرسىنى قىلىشقا مەجبۇر بولماق .كېرەكلىك بولماق)

wollen (بىر نەرسىنى قىلىش ئارزۇسىدا بولماق)

mögen (بىر نەرسىنى خالىماق ، قىلىش ئارزۇسىدا بولماق)

بۇ ئالتە مودال پېئىللار باشقا مۇستەقىل پېئىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مودال پېئىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە پېئىللار بار ، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغانلىرى :

lassen (قالدۇرماق)

sehen (كۆرمەك)

hören (ئاڭلىماق)

helfen (ياردەم قىلماق)

lernen (ئۆگەنمەك)

gehen (كەتمەك)

مودال پېئىل جۈملىدە ئالدىدا كەلگەندە ، شەخس كىلىشكە ئاساسەن تۈرلىنىپ ، ئاخىردا كەلگەن پېئىل بولسا

تۈپ پېئىل «تۈرلەنمىگەن» شەكلىدە كىلىدۇ .

مىسال :

Mein Bruder kann gut singen. (مىنىڭ ئۇكام ياخشى ناخشا ئېيتالايدۇ)

Ich muß dieses Buch lesen. (مەن چوقۇم بۇ كىتاپنى ئوقۇشۇم كىرەك)

64

Wir dürfen dieses Zimmer nich betreten. (بۇ ئۆيگە كىرەلمەيمىز)

Ich sehe den Vater Kommen. (دادامنىڭ كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۋاتىمەن)

Wir hören Klaus singen. (كىلائۇسنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتىمىز)

Er hilft dem kranken Mann gehen.

(ئۇ ئاغرىق ئەر كىشىنىڭ مېڭىشىغا ياردەم قىلىۋاتىدۇ)

يۇقاردىكى مىساللاردىكى « singen, lesen, betreten, kommen, singen, gehen » دىگەن پېئىللار جۈملىنىڭ ئاخىردا ئەسلى ھالىتىدە كېلىدۇ.

## 3.2.Die Bildung der Verbformen

(پېئىل ئۆلگىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى)

گىرمان تىلىدىمۇ جۈملە ھاسىل قىلغۇچى پېئىل باشقا تىللارغا ئوخشاش ھەر- خىل كاتىروگىيەلەر نۇختىسىدىن

تەھلىل قىلىنىدۇ.

### 3.2.1: پېئىلنىڭ قۇرۇلما كاتىروگىيەلىرى .

پېئىللار گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسەن بەش گۇرۇپقا ياكى كاتىگورىيەلەرگە ئايرىلىدۇ .

1.Tempus (پېئىلنىڭ زامانى)

2.Genus (پېئىلنىڭ باغلىنىشى)

3.Modus (پېئىلنىڭ ئۆلگىسى)

4.Person (پېئىلنىڭ شەخسلىرى)

5.Numerus (پېئىلنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكتە كېلىشى)

1.Tempus

(زامان)

پېئىلنىڭ ۋاقىتقا باغلىق بولغان مەنزىللىرى پېئىل زامانى دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار ئۈچ زاماندا كېلىدۇ (هازىرقى زامان ، كېلىدىغان زامان ،ئۆتكەن زامان ) گېرمان تىلىدا پېئىللار ئالتە زاماندا كېلىدۇ . پېئىللارنىڭ هەر قايسى زاماندا كېلىشىنى كېيىنكى پاراگراپلاردا بىر — بىرلەپ چۈشەندۈرىمىز

1.Präsens (هازىرقى زامان)

2.Präteritum (يېقىندىكى ئۆتكەن زامان )

65

3.Perfekt (ئېغىزدىكى ئۆتكەن زامان)

4.Plusquamperfekt (ئۆتكەن زاماندا تاماملانغان شەكلى)

5.Futur I (كەلگۈسى زامان I )

6.Futur II ( كەلگۈسى زامانII)

2.Genus

(پېئىلنىڭ باغلىنىشى)

پېئىلنىڭ باغلىنىشى ئىككى خىل بۇلىدۇ .

a. Aktiv (ئۇنۇملۇك باغلىنىدىغان پېئىللار)

b. Passiv (مەجبۇرى باغلىنىدىغان پېئىللار)

« Aktiv » پېئىللارنىڭ هەر - خىل زامانلاردا قۇللىنىلىدىغان ئادەتتىكى شەكلى .

« Passiv » پېئىللار « werden » ۋە « sein » ياردەمچى پېئىللارنىڭ ياردىمى بىلەن مەيدانغا كەلگەن

شەكلى .

3.Modus

(پېئىلنىڭ ئۆلگىسى)

پېئىللار ئىپادىلىگەن مەزمۇنغا ئاساسەن تۆت ئۆلگىگە بۆلىنىدۇ .

a. Indikativ (بىلدۈرمە ئۆلگە)

b. Konjunktiv I ( تىلەك ئۆلگەI)

c. Konjunktiv II ( تىلەك ئۆلگەII)

d. Imperativ ( بۇيرۇق ئۆلگە)

« Indikativ » پېئىللارنىڭ ئادەتتىكى شەكلى .

4.Person

( شەخس)

ich (مەن)

du (سەن)

er (ئۇ): (ئەرلىك جىنسىيەت كاتورۇگىيەسىدىكى ئىسىملارغا قوللىنىلىدۇ)

sie ( ئۇ ): (ئاياللىق جىنسىيەت كاتورۇگىيەسىدىكى ئىسىملارغا قوللىنىلىدۇ)

es (u): ( جىنسىيەتسىز كاتورۇگىيەگە قوللىنىدۇ)

wir (بىز)

ihr (سىلەر)

sie (ئۇلار)

Sie (سىز)

5.Numerus

(پېئىللارنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلىگى)

پېئىللارنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈكتە كېلىشى ئەسلىدە پېئىللارنىڭ شەخسلىرى بىلەن باغلىنىشلىق .

66

بىرلىك شەخسلەر :

1-شەخس : ich (مەن )

2.شەخس : du (سەن)

3-شەخس : er,sie,es (ئۇ)

كۆپلۈك شەخسلەر :

1-شەخس : wir ( بىز )

2-شەخس : ihr (سىلەر)

3-شەخس : sie (ئۇلار)

ھۆرمەت كېلىش :

2-شەخس : Sie (سىز ، سىلى ، ئۆزلىرى)

3.2.2.Die Regelmäßige und unregelmäßigen Verben

(تەرتىپلىك ۋە تەرتىپسىز پېئىللار )

پېئىللارنىڭ زامانلاردا كېلىشىنى تەھلىل قىلساق ، يەنە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلىنىدۇ .

Regelmäßige Verben ( تەرتىپلىك پېئىل)

تەرتىپلىك پېئىللار ھەرخىل زامانلاردا ، پېئىلنىڭ ئاخىردىكى « en » قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى

پېئىللارنىڭ تۈمرىغا باشقا قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ھاسىل بۇلىدۇ .

پېئىللارنىڭ تۈمرىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقتىن بۇنداق پېئىللارنى

« Schwache Verben » ئاجىز پېئىل دەپمۇ ئاتايدۇ

b. Unregelmäßige Verben (تەرتىپسىز پېئىل)

تەرتىپسىز پېئىللار ھەرخىل زامانلاردا كەلگەندە ، پېئىلنىڭ تومرىدا ئۆزگىرىش بۇلىدۇ ، شۇڭا بۇ خىلدىكى

پېئىللارنى « Starke Verben » كۈچلۈك پېئىل دەپمۇ ئاتايدۇ .

## 3.2.3.Die Regelmäßige Konjugation

(پېئىللارنىڭ تەرتىپلىك تۈرلىنىشى .)

تەرتىپلىك پېئىللارغا ھېچقانداق قۇشۇمچە ئۇلانمىغاندىكى ئەسلى شەكلى « Infinitiv » تۈراقسىز ئىپادە دەپ ئاتىلىدۇ .

مىسال :

gehen (كەتمەك)

lachen (كۈلمەك)

schreiben (يازماق)

arbeiten (ئىشلىمەك)

پېئىللارنىڭ ئاخىردىكى « en » قۇشۇمچىسى چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى قىسمى پېئىللارنىڭ تومۇرى دەپ ئاتىلىدۇ .

67

مىسال :

پېئىل تومۇرى :

gehen gehschreiben schreiblachen lacharbeiten arbeit

## 3.2.3.1.Das Präsens / Regelmäßige Verben

(تەرتىپلىك پېئىللارنىڭ ھازىرقى زاماندا كېلىشى )

ئىش ھەركەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاختىدا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار « Präsens » ھازىرقى زامان پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ .

شەخس : پېئىل تومۇرى :

ich lern + e (ئۆگىنىۋاتىمەن)

du lern + st (ئۆگىنىۋاتىسەن)

er,sie,es lern +t (ئۆگىنىۋاتىدۇ)

wir lern + en ( ئۆگىنىۋاتىمىز)

ihr lern + t (ئۆگىنىۋاتىسىلەر)

sie lern +en (ئۆگىنىۋاتىدۇلار)

Sie lern + en (ئۆگىنىۋاتىسىز )

مىسال :

Ich lerne (ئۆگىنىۋاتىمەن)

Ich lerne Deutsch (گېرمانچە ئۆگىنىۋاتىمەن )

Du lernst Englisch (ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىسەن)

Ich suche (ئىزدەۋاتىمەن )

Er sucht seinen Bruder (ئۇ ئاكىسىنى( ياكى ئۇكىسىنى) ئىزلەۋاتىدۇ)

68

Wir suchen unseren Hund. (بىز ئىتىمىزنى ئىزلەۋاتىمىز)

Ich kaufe. (سېتىۋېلىۋاتىمەن)

Ich kaufe ein Auto. (بىر ماشىنا سېتىۋېلىۋاتىمەن)

Ihr kauft eine Wohnung. (ئۇلار ئۆي سېتىۋاتىدۇ)

Sie kaufen eine Zeitschrift. (ژورنال سېتىۋېلىۋاتىسىز)

ئالاھىدە ئەھۋاللار :

بۇ يەردىن كۆرۈۋاتقان يول پويىز ئىستانسىسىغا بارىدۇ .

Die Briefe, die du schreibst ,erhalten wir nicht.

يازغان خەتلىرىڭنى تاپشۇرۇپ ئالمىدۇق .

Das Auto ,das vor dem Haus steht, gehört meinem Vater.

ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرغان ماشىنا دادامنىڭكى .

Der Brief ,den ich schreibe,ist lang.

يازغان خېتىم ئۇزۇن .

Der Freund ,dem ich eine Kamera schicke, lebt in Kanada.

مەن ئاپىرات ئەۋەتكەن دوستۇم كانادادا ياشايدۇ .

Das Haus,dessen Fenster neu sind,gehört meinem Onkel.

دەرىزىلىرى يېڭى ئۆي ، مىنىڭ تاغامنىڭ .

« welcher, welche, welches » لارمۇ «ئىلگە» مۇناسىۋەت ئالماش بولۇپ قوللىنىلىدۇ.

Der Mann, welcher dir helfen kann, ist nicht hier.

ساڭا ياردەم قىلالايدىغان ئادەم بۇ يەردە ئەمەس .

Der Laden, welchen Sie besucht haben, gehört meinem Vater.

سىز زىيارەت قىلغان دۇكان دادامنىڭكى .



5.Das Adverb

( رەۋىش )

پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ . رەۋىشلەر

بلدۇرىدىغان مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ .

1. Die Lokaladverbien. (ئورۇن رەۋىشلىرى )

2. Die Temporaladverbien. (ۋاقىت رەۋىشلىرى)

3. Modaladverbien. (ھالەت رەۋىشلىرى)

4.Die Kausaladverbien. (سەۋەپ رەۋىشلىرى)

5.1.Die Lokaladverbien

( ئورۇن رەۋىشلىرى )

ئىش ھەركەتنىڭ ئورنىنى ياكى يۆلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ئورۇن رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئورۇن رەۋىشلىرى («wo?» «قەيەردە ؟») («wohin?»«نەگە ؟») («woher?»«قەيەردىن ؟») دىگەن سۇئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كىلىدۇ .

Wo ? Wohin? Woher?

Hier (بۇ يەردە)

hierhin, nach hier, (بۇ يەرگە )

von hier (بۇ يەردىن )

dort (ئۇ يەردە)

dorthin,nach dort (ئۇ يەرگە)

von dort, dorther (ئۇ يەردىن )

draußen ,außen (تېشىدا)

nach draußen,hinaus (تېشىغا)

von draußen (تېشىدىن)

drinnen,innen nach drinnen,hinein (ئىچىگە)(ئىچىدە)

von drinnen,von innen (ئىچىدىن)

oben (ئۈستىدە)  nach oben (ئۈستىگە )  von oben ( ئۈستىدىن )

142

unten  (ئاستىدا)  nach unten (ئاستىغا)   von unten (ئاستىدىن)

vorn    (ئالدىدا)   nach vorn   (ئالدىغا)    von vorn    (ئالدىدىن)

Hinten (ئارقىدا) nach hinten  (ئارقىغا)    von hinten  (ئارقىدىن)

Links   (سولدا)    nach links     (سولغا)   von links     (سولدىن)

rechts  (ئوڭدا)   nach rechts   (ئوڭغا)   von rechts  (ئوڭدىن )

drüben (ئۇدۇلدا) nach drüben  (ئۇدۇلغا) von drüben(ئۇدۇلدىن)

مىسال :

Der Ball kam von rechts.

توپ ئوڭدىن كەلدى .

Kannst du die Stühle hinauf tragen?

ئورۇندۇقلارنى يۇقارغا كۆتۈرۈپ  ئاچىقالامسىز .

Die Kinder spielen draußen.

باللار سىرتتا ئويناۋاتىدۇ.

Von dort bekommen wir keine Nachricht.

ئۇيەردىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمايۋاتىمىز .

Der Garten hinten ist sehr klein.

ئارقىدىكى باغچا ناھايىتى كىچىك .

143

5.2.Die Temporaladverbien

( ۋاقىت رەۋىشلىرى )

ئش - ھەركەتنىڭ ۋاختىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ۋاقىت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ . « wann؟» «قاچان ؟»

دىگەن سۇئالغا جاۋاپ بولۇپ كىلىدۇ .

1. ئىنىق بولغان ۋاقىت رەۋىشلىرى.

heute (بۈگۈن)

morgen (ئەتە)

gestern (تۈنۈگۈن)

vorgestern (ئالدىنقى كۈنى)

übermorgen (ئۈگۈنلىككە)

vorgestern morgen (ئالدىنقى كۈنى ئەتىگەن )

gestern morgen (تۈنۈگۈن ئەتىگەن)

heute abend (بۈگۈن ئاخشام)

gestern mittag (تۈنۈگۈن چۈشتە)

am Tag (كۈندۈز)

am Morgen (تاڭ سەھەردە)

am Vormittag ( چۈشتىن بۇرۇن)

am Mittag (چۈشتە)

am Nachtmittag (چۈشتىن كىيىن)

am Abend (ئاخشام)

in der Nacht (يېرىم كىچە )

am Sonntag (يەكشەنبەدە)

am Montag (دۈشەنبەدە)

eines Tages (بىر كۈنى)

eines Abends (بىر ئاخشىمى)

am vorige Sonntag (ئۆتكەن يەكشەنبە)

am nechsten Montag(كېلەر دۈشەنبە)

voriges Jahr (ئالدىنقى يىلى)

in der vorige Woche (ئۆتكەن ھەپتە ئىچىدە)

im vorigen Jahr (ئالدىنقى يىل ئىچىدە)

im nächsten Sommer (كېلەر ياز ئىچىدە)

morgens (ئەتىگەنلىرى)

mittags (چۈشلىرى)

montags (دۈشەنبە كۈنلىرى)

2.Unbestimmte temporaladverbien

(ئېنىقسىز ۋاقىت رەۋىشلىرى)

einst (بىر زامانلار)

einstmals ( بىر زامانلار)

damals (ئۇ چاغلار)

anfangs (باشتىلا)

zuerst (ئالدى بىلەن)

vorkurze (قىسقا ۋاقىتنىڭ ئالدىدا)

soeben (ھېلىلا)

jetzt (ھازىر)

hemals (بۇرۇن)

einmal (بىر قېتىم)

niemals (پەقەت)

früher (بۇرۇن)

gerade (ھازىرلا)

sofort (دەرھال)

gleich (دەرھال)

bald (يېقىندا)

dann (كېيىن)

danach (ئۇندىن كېيىن)

künftig (كەلگۈسدە)

später(كېيىن)

endlich (ئاخىرى)

seit heute (بۈگۈندىن بىرى)

von morgen ab (ئەتىدىن باشلاپ)

bis morgen (ئەتىگىچە)

immer (دائىم)

tagelang (ئەتىدىن - كەچكىچە)

unterdessen (بۇ ئارلىقتا)

inzwischen (بۇ ئارلىقتا)

seitdem (ئۇ ۋاقىتتىن بىرى)

seit damals (ئۇ چاغدىن بىرى)

seit langer (ئۇ زاماندىن بىرى)

Zeitbis (ھازىرغىچە)

Jetzt oft immer(داۋاملىق)

Wieder(داۋاملىق)

selten (ئاز ئۇچرايدىغان)

ab und zu(بەزىدە)

hin und wieder (بەزىدە)

täglich (ھەركۈن-كۈنلۈك)

jährlich (يىللىق)

alle zwei Tage (ھەر ئىككى كۈندە بىر)

Tag und Nacht (تاك ۋە تۈن)

alle Tage (ھەركۈن)

wöchentlich (ھەرھەپتە-ھەپتىلىك)

stündlich (ھەر سائەتتە)

wieder (داۋاملىق)

manchmal (بەزىدە)

meist (كۆپ ۋاقىتتا)

jedesmal (ھەي قېتىم )

5.3.Die Modaladverbien

( ھالەت رەۋىشلەر )

ئىش — ھەركەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ھەلەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاساسلىق قوللىنىدىغان ھالەت رەۋىشلىرى:

möglicherweise (بەلكى)

teilweise (بەزىدە)

schriflich (يېزىقچە)

145

absichtlich (قەستەن)

gern (ياخشى كۆرمەك)

umsonst (بىكارغا)

natürlich (ئەلۋەتتە)

stückweise (قەدەممۇ - قەدەم)

auswendig (يادىغا-ئىسگە)

anders (باشقا)

beinahe (ئاز قالدى)

gänzlich (تامامەن)

überhaupt (زادى)

besonders (ئالاھىدە)

ziemlich (بەك)

ebenfalls (ئوخشاش)

überdies (ئۈستىلىپ)

vielleicht (بەلكى)

bestimmt (چوقۇم)

zweifellos (شۈبھەسىز)

5.4.Die Kausaladverbien

(سەۋەپ رەۋىشلەر )

جۈملە ئىچىدە ئىپادىلىگەن ئىش- ھەركەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن رەۋىشلەر سەۋەپ رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

meinetwegen (مىنىڭ سەۋەبىمدىن)

nämlich (چۈنكى)

darum (بۇ سەۋەپتىن)

deshalb (شۇنىڭ ئۈچۈن )

deswegen (شۇنىڭ ئۈچۈن)

somit (شۇنىڭ بىلەن)

dadurch (شۇنىڭ بىلەن)

## 6.Die Präpositionen

( ئالدىن قوشۇلغۇچىلار )

گېرمان تىلىدا جۈملە ئىچىدە دائىم ئىسىم ياكى ئالماشلار بىلەن بىرلىكتە قوللىنىپ ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆزلەر ئالدىن قوشۇلغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ .

ئالدىن قوشۇلغۇچىلار « Genitiv ۋە Akkusatuv ,Dativ » تا كېلىدىغان ئالدىن قوشۇلغۇچىلار دەپ ئايرىلىدۇ .

## 6.1.Präpositionen mit dem Akkusativ

(«Akkusativ » نى تەلەپ قىلىدىغان ئالدىن قوشۇلغۇچىلار )

پەقەت « Akkusatuv » تا كېلىدىغان ئالدىن قوشۇلغىچىلار :

duch (ئارىسىدىن ئۆتمەك ، ئارقىلىق)

für (ئۈچۈن)

ohne (« سىز » شىكەرسىز ، سۈتسىز دىگەندەك )

um (ئەتراپىدا)

gegen (قارشى)

wider (زىت . قارمۇ قارشى)

bis (گىچە)

entlang (بويلاپ)

مىسال :

Ich schincke den Brief durch einen Freund.

مەن خەتنى دوستۇم ئارقىلىق ئەۋەتىمەن.

Hans schwamm durch den Fluß.

سانىس دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتتى .

Ich schreibe den Brief für den kranken Mann.

كىسەل كىشىنىڭ ئورنىدا خەتنى مەن يېزىۋاتىمەن.

Er arbeitet für seine Familie.

ئۇ ئائىلىسى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ .

Er ist ohne Wohnung.

ئۇ ئۆيسىز .

Ohne Werkzeug kannst du dieses Auto nicht reparieren.

رېمونت قىلىش سايمانلىرى بولماستىن بۇ ماشىنىنى رېمونت قىلالمايسەن .

Die Erde bewegt sich um die Sonne.

يەر شارى قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ .

Die Frau weint um ihren toten Sohn.

خانىم ئۇلۇپ كەتكەن ئوغلىنى دەپ يىغلاۋاتىدۇ .

Er schwimmt gegen den Strom.

ئۇ دولقۇنغا قارشى ئۈزۈۋاتىدۇ .

Dieses Bild kostet gegen 100 Euro.

بۇ رەسىمنىڭ باھاسى 100 ياۋرو ئەتراپىدا .

Er handelt wider mein Willen.

ئۇ ئارزۇلىرىمنىڭ ئەكسىچە ھەركەت قىلىۋاتىدۇ .

Der Direktor ist wider mich.

مۇدىر ماڭا قارشى .

Wir haben bis heute 10 bis 15 Stück verkauft.

بىز بۈگۈنگىچە 10-15 ئەتراپىدا ساتتۇق .

Bis Ende Januar werde ich in Ghulja bleiben.

يانۋارنىڭ ئاخىرىغىچە غولجىدا قالىمەن.



den Fluß entlang

دەريانى بويلاپ .

Der Weg führt den Wald entlang.

يول ئورماننى بويلاپ كەتكەن .

6.2.Präpositionen mit dem Dativ

(«Dativ» تەلەپ قىلىدىغان ئالدىن قوشۇلغۇچىلار )

پەقەت « Dativ » كەلىدىغان ئالدىن قوشۇلغۇچىلار تۆۋەندىكىچە :

aus (-din, -de)

von (-din, -de)

bei (يېنىدا )

mit (بىلەن)

nach (گە-كېيىن)

seit (دىن-بېرى)

zu (كە-چە)

außer (دىن باشقا)

entgegen (قارشى)

gegenüber (قارشى تەرىپىدە)

gemäß (گە ئاساسەن)

nächst (كېيىنكى ، قالسىلا)

مىسال :

Ali kommt aus dem Zimmer.

ئەلى ئۆيدىن چىقىۋاتىدۇ .

Wir kommen von Haus.

ئۆيدىن كېلىۋاتىمىز .

Wir haben kein Geld bei uns.

يېنىمىزدا پۇلىمىز يوق .

Der Vater spielt mit den Kindern.

دادا بالا بىلەن ئويناۋاتىدۇ .

Wir fahren nach Hause.

بىز ئۆيگە كىتىۋاتىمىز . ( بۇ ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ ، ئىسىمنىڭ ئارتىكىلى يېزىلمايدۇ )

Die Kinder gehen nach der Schule ins Kino.

باللار مەكتەپتىن كىيىن كىنوغا باردۇ .

Seit drei Stunden warte ich auf den Arzt.

ئۈچ سائەتتىن بىرى دوختۇرنى ساقلاۋاتىدۇ .

Der Präsindent spricht zum Volk. ( zu + dem = zum )

رەئىس خەلققە خىتاپ قىلىۋاتىدۇ .



Ich bin zu Haus.

مەن ئۆيدە ( بۇ ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ ئىسىمنىڭ ئارتىكىلى يېزىلمايدۇ )

Außer meinem Bleistift ist alles auf dem Tisch.

قېرىنداش قەلىمىمدىن  باشقا ھەممىسى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە .

Der Soldat geht dem Feind entgegen.

ئەسكەرلەر دۈشمەنگە قارشى كىتىۋاتىدۇ .

Das Krankenhaus liegt unserem Laden gegenüber.

دوختۇرخانا بىزنىڭ دوكاننىڭ قارشى تەرپىدە .

Er handelt nicht unseren Wünschen gemäß.

ئۇ بىزنىڭ ئارزۇيىمىزغا ئاساسەن ھەركەت قىلمايدۇ .

Nächst dem Deutschen spricht er das Englische am besten.

گېرمانچىدىن قالسا ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ .

6.3.Präpositionen mit Dativ oder Akkusativ.

ھەم « Akkusativ » ھەم « Dativ » بىلەن كېلىدىغان ئالدىن قوشۇلغۇچىلار :

an, auf, hinter, in, neben, über, unter, vor, zwischen.

مىسال :

an +Dativ:

Das Bild hängt an der Wand.

رەسىم تامدا ئېسىغلىق تۇرىدۇ .

Der Stuhl steht am Tisch. (an+dem = am)

ئورۇندۇق ئۈستەلنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ .

an + Akkusativ:

Ich hänge das Bild an die Wand.

مەن رەسىمنى تامغا ئېسىۋاتىمەن .

Er stellt den Stuhl an den Tisch.

ئۇ ئورۇندۇقنى ئۈستەلنىڭ يېنىغا قويۇۋاتىدۇ .

auf + Dativ:

Das Buch liegt auf dem Tisch.

كىتاپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تورىدۇ.

Das Glas steht auf dem Stuhl.

ئىستاكان ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تورىدۇ .

149

auf + Akkusativ:

Ich lege die Bücher auf den Tisch.

مەن كىتاپلارنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويىۋاتىمەن .

Die Mutter setzt das Kind auf den Stuhl.

ئانا بالىنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۋاتىدۇ .

Karl steigt auf das Dach.

كارىل ئۆگزىگە چىقىۋاتىدۇ .

hinter + Dativ:

Dein Mantel hängt hinter der Tür.

پەلتۇرۇڭ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا ئېسىقلىق تورىدۇ .

hinter + Akkusativ:

Ich stelle den Eimer hinter die Tür.

چىلەكنى ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا قۇيۇۋاتىمەن .

in + Dativ:

Die Gäste sitzen in dem Garten.

مېھمانلار باغچىدا ئولتۇرىدۇ .

in + Akkusativ:

Die Mutter legt den Topf in den Kühlschrank.

ئانا كورىنى توڭلاتقۇغا قۇيۇۋاتىدۇ .

neben + Dativ

Das Hotel ist neben dem Bahnhof.

مېھمانخانا پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېنىدا .

neben + Akkusativ:

Die Tochter setzt sich neben die Mutter.

قىز ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۋاتىدۇ .

über + Dativ:

Der Vogel fliegt über dem See.

قۇشلار كۆلنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇۋاتىدۇ .

Ich hänge die Lampe über den Tisch.

مەن چىراقنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئېسىۋاتىمەن .

unter + Dativ:

Die Katze liegt unter dem Auto.

مۈشۈك ماشىنىنىڭ ئاستىدا ياتىدۇ .

unter + Akkusativ:

Ich lege das Geld unter den Brief.

مەن پۇلنى خەتنىڭ ئاستىغا قويۇۋاتىمەن .

150

vor + Dativ:

Der Bus steht vor dem Haus.

ئاپتوبۇس ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ .

vor + Akkusativ:

Ich stelle die Blumen vor das Fenster.

مەن گۈللەرنى دەرىزىنىڭ ئالدىغا قويۇۋاتىمەن .

zwischen + Dativ:

Der Junge sitzt zwischen zwei Damen.

ئوغۇل بالا ئىككى خانىمنىڭ ئوتتۇرسىدا ئولتۇرىدۇ .

zwischen + Akkusativ:

Er setzt sich zwischen die Frau und den Mann.

ئۇ ئايال بىلەن ئەرنىڭ ئوتتۇرسىدا ئولتۇرۋاتىدۇ .

بىز يۇقاردىكى مىساللاردا كۆردۇقكى بەزى پېئىللار مەخسۇس « akkusativ » تەلەپ قىلىدىغان پېئىللار بىلەن مەخسۇس « Dativ » تەلەپ قىلىدىغان ئالدىن قوشۇلغۇچىلار بىلەن كەلدى .

« Akkusativ » ۋە « Dativ » تەلەپ قىلىدىغان ئالدىن قوشۇلغۇچىلار بىلەن كېلىدىغان پېئىللار.

stellen (قويۇۋاتقان)　　　stehen ( تۇرغان)

setzen (ئولتۇرماق)　　　sitzen (ئولتۇرغان)

legen (ياتقۇزۇپ قويماق)　　　liegen (يېتىق تورغان)

hängen (ئاسماق)　　　hängen (ئېسىقلىق تورغان)

## 6.4.Präpositionen mit dem Genitiv

« Genitiv » تەلەپ قىلىدىغان پېئىل .

پەقەت « Genitiv »بىلەن كېلىدىغان ئالدىن قوشۇلغۇچىلار :

während (ۋاختىدا)

wegen (سەۋەبى)

statt, anstatt (ئورنىغا)

diesseits,jenseits (بۇ تەرپىدە . ئۇ تەرپىدە)

trotz (بولسىمۇ لېكىن)

oberhalb (ئۈستىدە)

unterhalb (ئاستىدا)

innerhalb (ئىچىدە)

außerhalb (تېشىدا)

مىسال :

Er hat während des Krieges seine Söhne verloren.

ئۇ ئوغۇللىرىنى ئۇرۇش ۋاقتىدا يوقىتىپ قويغان .

Wir rauchen nicht während der Arbeit.

ئىش ۋاقتىدا تاماكا چەكمەيمىز .

Wegen Krankheit ist er heute nicht gekommen.

ئۇ ئاغرىق سەۋەبىدىن بۈگۈن كەلمىدى .

Wir verkaufen statt Textilien jetzt nur Haushaltsgeräte.

بىز توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنىڭ ئورنىغا ئائىلە ئېلىكتىر سايمانلىرىنى سېتىۋاتىمىز .

Anstatt des Fernsehers macht er das Radio zu.

ئۇ تېلېۋىزورنىڭ ئورنىغا رادىئونى ئۆچۈرۈۋەتتى .

Diesseits der Grenze wohnen viele Araber.

چېگرانىڭ بۇ تەرىپىدە ناھايىتى كۆپ ئەرەبلەر ئولتۇرىدۇ .

Jenseits der Grenze sieht man keine Häuser.

چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدە ھېچ ئۆي كۆرۈنمەيدۇ .

Trotz des guten Wetters bleibt sie zu Hause.

ھاۋا ياخشى بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئۆيدە قالدى .

Oberhalb des Berges ist ein Kloster.

تاغنىڭ ئۈستىدە بىر بۇتخانا بار .

Das Blumenbeet unterhalb des Fensters.

دەرىزىنىڭ ئاستى تەرىپى ساپ گۈللۈك.

Innerhalb eines Jahres ist er zweimal nach China gereist.

ئۇ بىر يىلنىڭ ئىچىدە ئىككى قېتىم جۇڭگونى ساياھەت قىلدى .

Er wohnt außerhalb München.

ئۇ ميۇنخىنىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرىدۇ .

## 7.Die Konjunktion

(باغلىغۇچىلار )

سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئۆز -ئارا باغلاپ ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سۆزلەر باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. گېرمان تىلىدا تۆت باغلىغۇچى گۇرۇپپا بار .

152

1.Nebenordnende Konjunktionen.

(تەرتىپكە سالغۇچى باغلىغۇچىلار )

2.Satzteilkonjuktionen.

(جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى باغلىغۇچىلار . )

3.Infinitivkonjunktionen

(تۇراقسىز يىلتىز باغلىغۇچىلار .)

4.Unterordnende Konjunktionen

( بېقىندى باغلىغۇچىلار )

### 7.1.Nebenordnende Konjunktionen

( تەرتىپكە سالغۇچى باغلىغۇچىلار )

تەرتىپكە سالغۇچى باغلىغۇچىلار ، ئىككى سۆزنى ياكى جۈملىلەرنى بىر- بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينايدۇ . بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى «ۋە. ھەم » قارمۇ- قارشى باغلىغۇچى « لېكىن ، بىراق » ئايرىغۇچى باغلىغۇچى

«ياكى ،يا » سەۋەپ باغلىغۇچى « چۈنكى ، شۇڭلاشقا » سىرت باغلىغۇچى « گەرچە . ئەگەر » قاتارلىق

باغلىغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

تەرتىپكە سالغۇچى باغلىغۇچىلار :

und (ۋە )

sowie (ۋە ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە)

sowohl....als (ھەم - ھەم)

sowohl....wie (ھەم - ھەم)

oder (ياكى)

entweder....oder (يا – ياكى)

aber (بىراق)

allein ( يالغۇز ، ئايرىم)

jedoch ( لېكىن ، يەنىلا)

nur (پەقەت)

sondern (بەلكى)

denn (چۈنكى)

weil ( چۈنكى )

wenn auch (گەرچە، ، ، يەنىلا)

مىسال :

Diese Uhren sind gut und billig.

بۇ سائەتلەر ياخشى ۋە ئەرزان .

Du mußt alle Fenster sowie alle Türen schließen.

سەن چۇقۇم پۈتۈن دەرىزىلەرنى شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن ئىشىكلەرنى تاقىشىڭ كېرەك .

153

Sein Vater spricht sowohl Englisch als auch Deutsch.

ئۇنىڭ داسىسى ھەم ئىنگلىزچە ھەم گېرمانچە سۆزلىشىدۇ .

Sowohl die Arbeiter wie die Angestellten dieser Fabrik sind sehr fleißig.

بۇ زاۋۇتنىڭ ھەم ئىشچىلىرىمۇ ھەم خىزمەتچىلىرىمۇ ناھايىتى تىرىشچان .

Er ist nicht nur dumm, sondern auch faul.

ئۇ دۆت بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە ھورۇن .

Die Hemden sind weder schön noch billig.

كۆينەكلەر چىرايلىق بولۇپ قالماستىن يەنە ئەرزان .

Hans kommt morgen oder übermorgen.

ھانس ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە كېلىدۇ .

Willst du essen oder schlafen?

تاماق يەمسەن ياكى ئۇخلامسەن ؟

Rinat kommt entweder heute oder morgen.

رىنات يا بۈگۈن يا ئەتە كېلىدۇ .

Entweder er liest ein Buch, oder er schreibt einen Brief.

يا ئۇ بىر كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ ، يا بىر خەت يېزىۋاتىدۇ .

Karl wollte ins Kino gehen, aber sein Vater gab ihm kein Geld.

كارلنىڭ كىنوغا بارغۇسى بارتى ، بىراق دادىسى ئۇنىڭغا پۇل بەرمىدى .

Ich habe ihm zweimal geschrieben, er hat jedoch nicht geantwortet.

مەن ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم خەت يازساممۇ لېكىن ئۇ جاۋاپ بەرمىدى .

Kann ich dich einen Augenblick allein sprechen?

مەن سەن بىلەن ئازراق ئايرىم سۆزلەشسەم بولامدۇ ؟

Ich kann nicht gleich kommen, denn ich habe noch zu tun.

مەن دەرھال كىلەلمەيمەن ، چۈنكى مىنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشىم بار .

Ich kann nicht kommen, weil ich krank bin.

مەن كىلەلمەيمەن چۈنكى مەن ئاغرىق .

Wenn er auch kräftig ist, das ist zu schwer für ihn.

گەرچە ئۇ كۈچلۈك بولسىمۇ ئۇنىڭغا يەنىلا ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى .

7.2.Die Satzteilkonjunktionen

(جۈملە تەركىۋىدىكى باغلىغۇچىلار )

جۈملە تەركىۋىدىكى باغلىغۇچىلار جۈملە بۆلىكىگە ئوخشاش جۈملىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىلمىنىت ھىساپلىنىدۇ .

als (بولماق ، ، سۈپىتىدە ، ، ، تەرەقىدە)

wie ( ئوخشاش)

154

je....desto (قانچە بولسا ، ، ، شۇنچە )

je....um so (قانچە بولسا ، ، ، شۇنچە)

مىسال :

Er ist so groß wie du.

ئۇ ساڭا ئوخشاش چوڭ .

Er kam wie ein Retter.

ئۇ قۇتقازغۇچىغا ئوخشاش كەلدى .

Ich als guter Freund rate es dir.

مەن ياخشى دوستۇڭ بولۇش سۈپىتىم بىلەن ساڭا نەسىھەت قىلىمەن .

Je eher du kommst , desto schneller können wir nach Hause gehen.

قانچە بۇرۇن كەلسەڭ ، شۇنچە تېز ئۆيگە كېتىمىز .

Je berühmter der Schauspieler wird, um so mehr verdient er.

قانچە داڭلىق كىنو ئارتىسى بولسا ، شۇنچە كۆپ پۇل تاپىدۇ .

## 7.3.Infinitivkonjunktionen

( تۇراقسىز يىلتىز باغلىغۇچىلار )

تۇراقسىز يىلتىز پېئىللار « ئەسلى شەكىلدىكى پېئىل » نى بىر جۈملىگە باغلايدىغان باغلىغۇچىلار ، تۇراقسىز يىلتىز باغلىغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ .

zu

statt.......zu

ohne......zu

um........zu

يۇقاردىكى باغلىغۇچىلار جۈملىدىكى پېئىلغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۆيغۇرچە تەرجىمىسى بىرىلمىدى .

مىسال :

Er bittet mich, sofort zu kommen.

ئۇ تېز كېلىشنى تەلەپ قىلۋاتىدۇ .

Mein Sohn ist fähig, dieses Buch zu verstehen.

ئوغلۇم بۇ كىتاپنى چۈشەنگىچىلىك قابىلىيەتلىكتۇر .

Er spielt mit seinen Freunden im Garten, statt seine Hausaufgaben zu

machen.

ئۇ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشنىڭ ئورنىغا ، دوسلىرى بىلەن باغچىدا ئويناۋاتىدۇ .

Er ging ,ohne ein Wort zu sagen.

ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كەتتى .

Tursun geht hinein, um einen Stuhl zu bringen.

تۇرسۇن بىر ئورۇندۇق ئەكىلىش ئۈچۈن ئىچىگە كىرىپ كىتىۋاتىدۇ .

155

## 7.4.Unterordnende Konjunktionen

(بېقىندى باغلىغۇچىلار )

يانداش جۈملىنى مۇستەقىل جۈملىگە ئۇلايدىغان باغلىغۇچىلار بېقىندى باغلىغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ .

während

solange

sooft

wie

nachdem

bevor

bis

indem

sobald

als

wenn

seitdem

ehe

insofern

insoweit

als ob

anstatt daß

falls

obwohl

obgleich

damit

daß

ob

يۇقاردىكى باغلىغۇچىلار ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا ئاساسەن ھەر – خىل مەنىلەردە كىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەر – بىرىنىڭ ئايرىم مەنىسى بىرىلمىدى .

مىسال :

Während der Beamte mit sprach, prüfte er meinen Paß.

خىزمەتچى خادىم مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا پاسپورتىمنى تەكشۈردى .

Solange du die neuen Wörter nicht lernst, kannst du diese Sprache nicht  gut beherrschen.

يىگىي سۆزلەرنى ئۆگەنمىسەك ، بۇ تىلنى ياخشى ئىگەللىيەلمەيسەن .

Indem er sprach, öffnete sich die Tür.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئىشىك ئېچىلدى .

Sobald mein Vater kommt, rufe ich Sie an.

دادام كىلىشى بىلەنلا ، سىزگە تىلفۇن قىلىمەن .

156

Sooft er kam, brachte er Werkzeuge mit.

ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ، جابدۇقلىرىنىمۇ بىللە ئەكىلدۇ .

Gerade als ich gehen wollte, klingelte das Telephon.

مەن ماڭاي دەپ تۇرىشىمغا ، تېلىفۇن جىرىڭلىدى.

Wenn du mir hilfst, können wir die Reparatur schnell machen.

ماڭا ياردەم قىلساڭ تىزلا رېمۇنت قىلىمىز .

Wie gesagt, habe ich keine Zeit.

مەن بۇرۇنلا دىگەن ۋاختىم يوق دەپ .

Nachdem die Gäste gegangen waren, räumte meine Mutter den Tisch auf.

مىھمانلار كەتكەندىن كىيىن ، ئاپام ئۈستەلنى رەتلىدى .

Seitdem du in München lebst, hören wir nichts von dir.

مىيونخىندا ياشاۋاتقىنىڭدىن بىرى سەندىن ھىچ خەۋەر ئالالمايۋاتىمىز .

Bevor du ins Kino gehst, mußt du deine Hausaufgaben machen.

كىنوغا بېرىشتىن ئاۋال ، تاپشۇرۇقلارنى چۇقۇم ئىشلەپ بولۇشۇڭ كېرەك .

Ehe wir den Dieb gesehen haben, lief er weg.

بىز ئوغرىنى كۆرۈپ قېلىشتىن بۇرۇن قېچىپ كەتتى .

Bis die Polizei kam, lief der Dieb weg.

ساقچى كەلگۈچە ئوغرى قېچىپ كەتتى .

Ich werde deinen Brief übersetzen, insofern ich Zeit habe.

ۋاختىم بولسا ، سىنىڭ خېتىڭنى تەرجىمە قىلىمەن .

Er wundert sich sehr, als ob er den Vorfall nicht wisse.

ئۇ ۋەقەنى بىلمەيدىغاندەك ھەيران قالدى .

Falls er heute kommt , soll er auf mich warten.

ئەگەر ئۇ بۈگۈن كىلەلىسە ، مىنى ساقلاپ تۇرسۇن .

Obwohl er kein Geld hat, macht er wieder Urlaub.

پۇلىنىڭ يوقلىقىغا قارىماي ، ئۇ يەنە ساياھەت قىلىۋاتىدۇ .

Obgleich Peter erkältet war ,ging er mit seinen Freunden schwimmen.

پېتىر سوغۇق تېگىپ قالغانلىقىغا قارىماي ، دوسلىرى بىلەن سۇ ئۈزۈشكە كەتتى .

Ich gab ihm Geld, damit er sich eine Jacke kauft.

ئۆزىگە بىر چاپان ئېلىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا پۇل بەردىم .

157

Der Arzt wußte , daß der Kranke sterben mußte.

دوختۇر كېسەلنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتى .

Hans fragte am Telefon, ob er heute kommen können.

هانس تىلفۇندا بۇگۈن كىلىدىغان كەلمەيدىغانلىقىنى سورىدى .

## 8.Die Interjektion

( ئىملىق سۆزلەر )

ئادەمنىڭ ھېس- تۇيغۇسىنى ، خاھىشىنى ۋە بۇيرۇقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ( ئىملىق « ئۈندەش » ) سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەسرەتنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەش سۆزلەر :

Au! Oh! Auweh!

مۇزلىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆزلەر :

Hu! Huhu!

كەيپىياتنى ۋە راھەتلىك تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆزلەر :

Ah!

خۇشاللىق ، سۆيۈنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆزلەر :

Ah! Oh! Ei! Ehi! Juche! Juhe!

Heidi, heida! Hurra! Holdrio!

ئويلاش ۋە ئەندىشە قىلىش تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆزلەر :

Hm! Hum! Na,na!

ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىغا قوللىنىلىدىغان ئىملىق سۆزلەر :

Muh (كالىنىڭ مۆرىشى)

Wau (ئىتنىڭ ھاۋشىشى)

Miau (مۇشۇكنىڭ مياۋلىشى)

Mäh (قوينىڭ مەرىشى)

Lah ( ئىشەكنىڭ ھاڭرىشى)

Kikerriki ( خوْرازنىڭ چىللىشى)

...............................................

.

## 9.Die Wortfolge im deutschen Satz

(جۈملە بۆلەكلىرى )

گېرمان تىلىدا جۈملە بۆلەكلىرىنى ، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىۋى دەپ ئالغان ، بىز جانلىق تەرجىمە قىلىپ جۈملە بۆلەكلىرى دەپ ئالدۇق . تولۇق ئاياقلاشقان ئوي- پىكىرنى بىلدۈرىدىغان بىر سۆز ياكى بىرقانچە سۆزنىڭ ئۆز ئارا بىرىكمىسى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . گېرمان تىلىدا جۈملىلەر ، باش جۈملە ۋە بېقىندى جۈملە دەپ بۆلىنىدۇ .

158

## 9.1.Die Wortfolge im Hauptsatz

( باش جۈملە بۆلەكلىرى )

گېرمان تىلىدا باش جۈملە ، ئىسىم بىلەن باشلىنىپ بىر سۆز ياكى بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلىدۇ . ئىسىمدىن كېيىنلا پېئىل كېلىدۇ .باشقا جۈملە بۆلەكلىرى پېئىلنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ .

1.Subjekt( ige ) + Verb(پېئىل ۋە خەۋەر )

Ich schlafe. (مەن ئۇخلىماقچى)

Das Kind spielt. (بالا ئويناۋاتىدۇ )

2.Nominativ + Verb + Akkusativ oder Dativ

( ئىگە ) (خەۋەر) ( تولدۇرغۇچى )

Das Kind malt ein Bild. (بالا رەسىم سىزىۋاتىدۇ)

Ich helfe dir. ( مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن)

3.Nominativ + Verb + Dativ + Akkusativ.

Ich schenke meiner Tochter ein Fahrrad.

مەن قىزىمغا بىر ۋەلسىپىت سوۋغا قىلۋاتىمەن.

Sie bringt ihrer Freunden eine Tasse Tee.

ئۇ دوستىغا بىر پىيالە چاي ئېكىرۋاتىدۇ .

يۇقاردىكى مىساللارنىڭ ھەممىسىدە ئىسىم « ئىگە » بىرىنچى ئورۇندا ، پېئىل « خەۋەر » ئىككىنچى ئورۇندا كىلىپ قالغان سۆزلەر ئاخىردا كەلدى .

4.سۇراق جۈملىلەردە ، جۈملە سۇراق ئالماش بىلەن باشلىنىپ ، پېئىل يەنە ئىككىنجى ئورۇندا ، ئاندىن ئىگىسى كىلىدۇ .

Warum kommst du nicht zu uns?

نىمىشقا بىزنىڭكىگە كەلمەيسەن ؟

Was kauft die Mutter in diesem Laden?

ئانا دۇكاندىن نىمە ئالدى ؟

5. سۇراق ئالماش بىلەن باشلانمىغان سۇراق جۈملىلەردە پېئىل بىرىنجى ئورۇندا كىلىدۇ ، ئاندىن جۈملىنىڭ ئىگىسى كىلىدۇ .

مەسىلەن :

Geht dein Vater heute zur Arbeit?

بۈگۈن داداڭ ئىشقا بارامدۇ ؟

Hat der Mann seinen Hut verloren?

بۇ كىشى شەپكىسىنى يۈتتۈرۈپ قويدىمۇ ؟



6.جۈملە «Perfekt, Futur» پېئىللار بىلەن تۈزۈلگەندە ياردەمچى پېئىل ياكى مودال پېئىل يەنىلا ئىككىنجى ئورۇندا ، باشقا پېئىللار جۈملىنىڭ ئاخىردا كىلىدۇ .

Er hat mir ein Buch gegeben.

ئۇ ماڭا بىر كىتاپ بەردى .

Unser Gast wird heute nicht kommen.

مېھمانلىرىمىز بۈگۈن كەلمەيدۇ .

Ich muß ein neues Auto kaufen.

مەن چۇقۇم بىر يېڭى ماشىنا سېتىۋېلىشىم كېرەك .

Er kann sehr gut Deutsch sprechen.

ئۇ گېرمانچىنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدۇ .

## 9.2.Die Wortfolge im Nebensatz

(بېقىندى جۈملە بۆلەكلىرى )

باش جۈملىگە ئەگەشەپ ، ئۇنىڭ بىرەر بۆلىكىنى ياكى پۈتۈن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ ، ئىنقلاپ كەلگەن

ئاددى جۈملە بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .بېقىندى جۈملىلەردە ئاساسەن پېئىل جۈملىنىڭ ئاخىردا كېلىدۇ .

Wenn der Wecker klingelt, ......

ئەگەر سائەت جىرىڭلىسا ، ، ، ، ، ،

Weil du nicht kommen kannst,......

كىلەلمەيدىغانلىقىڭ ئۈچۈن ، ، ، ،

Obwohl mein Bruder kein Hemd gekauft hat,.....

ئاكام كۆينەك ئالمىغان بولسىمۇ بىراق ، ، ، ،

### 9.2.1.Art der Nebensätze, ihre Bedeutung und Bildung

( بېقىندى جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى ، مەنىلىرى ۋە تۈزۈلىشى )

بېقىندا جۈملىلەر تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ .

1.Relativsätze. (مۇناسىۋەت ئەگەشمە جۈملە «ئىلگە جۈملە »)

2.Nabensätze des Grundes. (سەۋەپ بېقىندى جۈملە )

3.Nebensätze der Absicht. (مەخسەت بېقىندى جۈملە)

4.Konzessive Nebensätze. (يول قويغۇچى بېقىندى جۈملە )

5.Modale Nebensätze. (ھال بېقىندى جۈملە)

6.Nebensätze der Zeit. (ۋاقىت بېقىندى جۈملە)

7.Infinitivsätze. (تۇراقسىز يىلتىز جۈملە)

160

1. Relativsätze.

مۇناسىۋەت ئەگەشمە جۈملە « ئىلگە جۈملە » بېقىندى جۈملىگە تەۋە ، بۇ جۈملە ئىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئىسىمنىڭ ئورنىغا كەلگەن ئىلگە ئالماش بىلەن تۈزۈلىدۇ . ئىلگە ئالماش :« der, die, das »

مىسال :

Der Stuhl steht im Garten. ئورۇندۇق باغچىدا تۇرىدۇ .

Der Stuhl gehört meinem Vater. ئورۇندۇق دادامنىڭكى .

Relativsätze:

Der Stuhl, der im Garten steht, gehört meinem Vater.

باغچىدا تۇرغان ئورۇندۇق دادامنىڭكى .

Die Frau woht in diesem Haus.

خانىم بۇ ئۆيدە ئولتۇرىدۇ .

Die Frau ist eine berühmte Malerin.

خانىم داڭلىق بىر رەسسام .

Relativsätze:

Die Frau, die in diesem Haus wohnt, ist eine berühmte Malerin.

بۇ ئۆيدە ئولتۇرغان خانىم داڭلىق بىر رەسسام .

Das Mädchen spielt im Garten.

قىز باغچىدا ئوينىۋاتىدۇ .

Das Mänchen ist meine Schwester.

قىز بولسا مېنىڭ سىڭلىم .

Relativsätze:

Das Mädchen, das spielt im Garten, ist meine Schwester.

باغچىدا ئوينىۋاتقان قىز ، مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ .

Die Kinder spielen Fußball.

بالىلار باغچىدا پوتبول ئوينىۋاتىدۇ .

Die Kinder sind unsere Freunde.

بالىلار بىزنىڭ دوسلىرىمىز .

Relativsätze:

Die Kinder ,die Fußball spielen, sind unsere Freunde.

پوتبول ئوينىۋاتقان بالىلار بىزنىڭ دوسلىرىمىز .

2.Nebensätze des Grundes.

باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش- ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندا جۈملە، سەۋەپ بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

سەۋەپ بېقىندا جۈملىدە ، ئىككى باش جۈملە بولسا باغلىغۇچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن باغلىنىپ ، بىرسى يەنە بىرسىگە بېقىنىپ كېلىدۇ . باغلىغۇچىلار « denn, darum, deshalb, deswegen, daher, weil » بۇ باغلىغۇچىلار ھەممىسى ئۇيغۇرچىدا « شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ سەۋەپتىن ، چۈنكى » دىگەندەك مەنىدە كېلىدۇ .

مىسال :

Ich lese die Zeitung.

گېزىت ئوقۇۋاتىمەن .

Ich will die neuesten Nachrichten erfahren .

يېڭى خەۋەرلەردىن خەۋەردار بولماقچىمەن .

Ich lese die Zeitung, denn ich will die neusten Nachrichten erfahren.

يېڭى خەۋەرلەردىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن گېزىت ئوقۇۋاتىمەن .

Peter geht zum Arzt.

پېتىر دوختۇرغا كېتىۋاتىدۇ .

Er hat Schmerzen im Bauch.

ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىۋاتىدۇ .

Peter geht zum Arzt, denn er hat Schmerzen im Bauch.

پېتىر دوختۇرغا كېتىۋاتىدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىۋاتىدۇ .

Er braucht viel Geld,  deswegen arbeitet er Tag und Nacht.

ئۇنىڭ كۆپ پۇلغا ئېھتىياجى بار . شۇنىڭ ئۈچۈن كېچە كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەيدۇ .

Er will seine Familie besuchen, deshalb fährt er nach München.

ئۇ ئائىلىسىنى يوقلىغۇسى كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇيىنخېنغا كېتىۋاتىدۇ .

Ich friere im Winter sehr, darum trage ich einen Mantel.

قىشتا بەك مۇزلىمايدىغىنىم پەلتو كىيىۋالىمەن .

Ich trage eine Brille ,weil ich besser sehen will.

چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن كۆز ئەينەك تاقىۋالدىم .

3.Nebensätze der Absicht.

باش جۈملىنىڭ ئىش — ھەركىتىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندا جۈملە مەقسەت بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بېقىندا

جۈملە «damit» دىگەن باغلىغۇچىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزۈلىدۇ .

مىسال :

Der Tourist fragt den Polizisten , damit er den Weg finden kann.

سايەھەتچى يولنى تېپىش ئۈچۈن ، ساقچىدىن ياردەم سۇراۋاتىدۇ .

Rinat fährt in seine Heimat, damit er seine Familie sieht.

رىنات ئائىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ، ۋەتىنىگە كىتىۋاتىدۇ .

4.Konzessive Nebensätze .

گېرمان تىلىدىكى يول قويغۇچى بېقىندا جۈملە ، ئۇيغۇر تىلىدىكى قارشىلىق بېقىندا جۈملىگە ئوخشاپ كىتىدۇ .

باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش — ھەركەتتە قۇيۇلغان ئوي — پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندا جۈملە « قارشىلىق بېقىندا » جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

گېرمان تىلىدىكى قارشىلىق بېقىندا جۈملە «aber,dennoch» « ئەمما ، لېكىن » دىگەن باغلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى باش جۈملە باغلىنىدۇ .

162

مىسال :

Klaus ist sehr krank.

كىلائوس ئېغىر ئاغرىق .

Er kommt jeden Tag in die Schule.

ئۇ ھەركۈنى مەكتەپكە كىلىۋاتىدۇ .

Klaus ist sehr krank, aber er kommt jeden Tag in die Schule.

كىلائۇس ئېغىر ئاغرىق ، لېكىن ئۇ ھەركۈنى مەكتەپكە كىلىۋاتىدۇ .

Das Buch war sehr teuer.

كىتاپ بەك قىممەت .

Mein Vater schenkte es mir.

دادام ئۇنى ماڭا سوۋغات قىلدى .

Das Buch war sehr teuer, dennoch schenkte mein Vater es mir.

كىتاپ بەك قىممەت ، لېكىن دادام ئۇنى ماڭا سوۋغات قىلدى .

5.Modale Nebensätze.

گېرمان تىلىدىكى « ھال بېقىندا » جۈملە ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىش بېقىندا جۈملىگە بىر ئاز ئوخشاپ قالىدۇ .

باش جۈملىدىكى ئىش — ھەركەتنىڭ باشقا نەرسىنىڭ ئىش — ھەركىتىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندا

جۈملە ، ئوخشىتىش بېقىندا جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

گېرمان تىلىدىكى « ھال بېقىندا » جۈملە « wie....so, als, je.....desto » دىگەن باغلىغۇچىلارنىڭ

ياردىمى بىلەن تۈزۈلىدۇ .

مىسال :

Ich mache alles so, wie du mir es beschrieben hast.

ھەر نەرسىنى چۈشەندۈرگىنىڭ بۇيىچە قىلىۋاتىمەن .

Sein Sohn war klüger , als ich dachte.

ئوغلى ئويلىغىنىمدىنمۇ ئەقىللىقكەن .

Je kleiner die Wohnung ist, desto billiger ist die Miete.

ئۆي قانچە كىچىك بولسا ، شۇنچە ئىجارىسى ئەرزان بولىدۇ .

6.Nebensätze der Zeit.

باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش — ھەركەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كىلىدىغان بېقىندا جۈملە ۋاقىت بېقىندا جۈملە

دەپ ئاتىلىدۇ .

ۋاقىت بېقىندا جۈملە «wenn, als , während » دېگەن باغلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزۈلىدۇ .

مىسال :

Wenn es dunkel ist, mache ich das Licht an.

ئەگەر قاراڭغۇ بولسا ، چىراغنى ياندۇرۇۋېتەي .

Wenn die Kinder 6 Jahre alt sind, gehen sie in die Schule.

باللار 6 تە ياشقا كىرسىلا ، مەكتەپكە بارىدۇ .

163

Als ich gestern im Theater war, verlor ich meine Schlüssel.

تۈنۈگۈن تىياتىردا ، ئاچقۇچۇمنى چۈشۈرۈپ قويدۇم .

Als ich 5 Jahre alt war ,kaufte mir mein Vater ein Fahrrad.

5 ياش ۋاختىمدا ، دادام ماڭا ۋەلسىپىت ئېلىپ بەرگەن .

Während er krank war,konnte er nicht arbeiten.

ئۇ ئاغرىپ قالغان چاغدا ئىشلىمىدى .

Während er schlief, brannte das genze Haus nieder.

ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا ، پۈتۈن ئۆي كۆيۈپ كەتتى .

7.Infinitivsätze.

تۈراقسىز يىلتىز بېقىندا جۈملە ، ئالدىغا «zu » كەلگەن تۈراقسىز يىلتىز پېئىلنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزۈلىدۇ .

مىسال :

Der Arzt warnt meinem Vater, nicht mehr zu rauchen.

دوختۇر دادامنى تاماكا چەكمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى .

Die Eltern erlauben den Kinder, ins Kino zu gehen.

ئاتا ئانىلار باللىرىنى كىنوغا بېرىشقا رۇخسەت قىلدى .

تۈگىدى .

2019-03-31

« قوشۇمچە »

ئانا تىلنىڭ گىراماتىكسىنى ياخشى بىلگەن كىشى باشقا تىلنىڭ گىراماتىكسىنىمۇ ياخشى ئۆگىنەلەيدۇ ، شۇڭا

قوشۇمچە قىلىپ ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنىڭ دائىم قوللىنىدىغان ئاز بىر قىسمى قوشۇمچە بېرىلدى .

**گىراماتىكا دېگەن نېمە ؟**

گىراماتىكا تىل ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تىل تاۋۇشلىرىنى، سۆز - جۈملىلەرنىڭ شەكلى، تۈزۈلىشى،

مەنىسى ۋە تۈرلىرىنى، سۆزلەرنىڭ جۈملىلەردىكى رولى ۋە مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. گىراماتىكا يەنە

تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

**ئىسىم دېگەن نېمە ؟**

ئادەم ۋە شەيئىلەرنى بىلدۈردىغان سۆزلەر ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

**پېئىل دېگەن نېمە ؟**

ئىش -ھەرىكەت، پىسخىكىلىق پائالىيەت ۋە ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنى بىلدۈردىغان سۆزلەر پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇ - ، سۆزلە - ، سۆي- ، خۇشاللان- ، قىزار- ، ئۆل-، . . . . . . ۋە باشقىلار.

سۈپەت دېگەن نىمە ؟

ئادەم ۋە نەسلەرنىڭ بەلگىسىنى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى، خۇسۇسىيىتى، خۇلقى، پۇرىقى) بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دېيىلدۇ. مەسىلەن: قىزىل، تاتلىق، كەڭ، ھورۇن، يېڭى، خۇشبۇي، سىلىق، رەتلىك، مۇستەھكەم، ئازادە.

مىقدار سۆز دىگەن نىمە ؟

ئادەم ۋە نەرسە ۋە ئىش — ھەركەتنىڭ ھېساپلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى — مىقدار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: كىلوگىرام، مېتىر، دانە، نەپەر، تۇننا.

ئالماش دىگەن نىمە ؟

ئىسىم، سۈپەت، سان، سان-مىقدار بىرىكمىسى، تەقلىدى ۋە بىر قىسىم رەۋىشلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ شۇ سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى — ئالماش دېيىلدۇ. مەسىلەن: مەن، سەن، ئۇلار، قەيەر، قانچە، قايسى، قېنى، كىم، ئۆز، ھېچكىم، بارلىق، ھەرقاچان.

رەۋىش دىگەن نىمە ؟

ئىش — ھەركەتنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى — رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەتىگەن، ئاۋال، يۇقىرى، كەيىنى، تويۇقسىز، ئىنتايىن .

باغلىغۇچى دىگەن نىمە ؟

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ھەم قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددى جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچى دېيىلدۇ مەسىلەن: بىلەن، ۋە، ھەم ئەمما، بىراق، شۇڭا، يەنە، ھەتتا، بەلكى، ياكى، چۈنكى.

تىركەلمىلەر دىگەن نىمە ؟

ئىسىم ياكى ئىسىم خارەكتېرىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈچۈن، دائىر، ئائىت، قەدەر، قارىتا، نىسپەتەن، ئىبارەت، ئارقىلىق، ھەققىدە، توغرۇلۇق.

يۈكلىمىلەر دىگەن نىمە ؟

سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈمىلىلەرگە قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مەنە بېرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمىلەر (ئۇلانمىلار) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: دۇ، غۇ، چۇ، لا، زە، دە، ھە .

ئىملىق سۆز دىگەن نىمە ؟

كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ھېس تۇيغۇلىرىنى (خوشاللىنىش، زوقلىنىش، ھەيران بولۇش، پۇشايمان قىلىش )ۋە بۇيرۇق چاقىرىقلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى —ئىملىق سۆز دېيىلدۇ. مەسىلەن: ھوي، ۋايجان، پاھ، ھەي، ۋاي-ۋۇي، خوش، ئاپلا، ئىست.

باش كىلىش دىگەن نىمە ؟

ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكلى ئارقىلىق جۈملىدىكى بايان قىلىنغۇچىنى (ئادەم ياكى نەرسىلەرنى) بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى بۇلۇپ، ئۇنىڭ قوشۇمچىسى يوق. باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا «كىم، نېمە، كىملەر، نېمىلەر، كېمىسى، نېمىسى» دېگەندەك سۇئاللار بېرىلدۇ.

ئىگىلىك كىلىش دىگەن نىمە ؟

ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئىگىلىگۈچى شەيئىنى (ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ كىمگە، نېمگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى) بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى بولۇپ، قوشۇمچىسى «نىڭ» ؛ ئۇنىڭغا «كىمنىڭ، نېمىنىڭ »دېگەن سۇئاللار بېرىلدۇ. ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە دائىم تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كەلگەن ئىسىملار بىلەن باغلىنىپ، شۇ ئىسىملار بىلەن بىللە كېلىدۇ. مەسىلەن: بۇ كۆلنىڭ سۇيى سۈزۈك.

جۈملىدە بەزىدە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى شۇ ئىسىملا باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە ئۇلانغان تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق بىلىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ئىلى ئالمىسى — ئىلىنىڭ ئالمىسى

ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» چۈشۈپ قالغان ئىسىملار كۆرۈنۈشتە باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملاردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇلار باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ئىگىلىك قوشۇمچىسىز ئېيتىلغان ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ھېسابلىنىدۇ.

چۈشۈم كېلىش دېگەن نېمە ؟

ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئىش ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى بولۇپ، قوشۇمچىسى «نى»، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ئىش ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملارغا «كىمنى، نېمىنى، كىملەرنى، نېمىلەرنى» دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملاردىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملارغا «نېمە» دېگەن سوئال بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئەكبەر كىتاپنى ئوقۇۋاتىدۇ.

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قېلىپ ئېيتىلغان ئىسىملارنى باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

يۆنىلىش كېلىش دېگەن نېمە ؟

ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئىش ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى بولۇپ، قوشۇمچىسى «غا، قا، گە، كە، قە» بۇ خىلدىكى ئىسىملارغا «كىمگە، نېمىگە، كىملەرگە، نېمىلەرگە، قەيەرگە، نەگە» دېگەن سوئاللار بېرىلىدۇ. يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.

مەسلەن: رەنا، گۈللەرگە (نېمىلەرگە) سۇ قۇيۇۋەتكىن ..

يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە بويىچە ئىسىملارغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ.

سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشى كېلىپ، جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا، «غا» قوشۇمچىسى، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشسا، «قا» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

مەسلەن: هاۋا + غا = هاۋاغا ياتاق + قا = ياتاققا

سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش كېلىپ، جاراڭلىق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «گە» قوشۇمچىسى، جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «كە، قە» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ.

مەسلەن: ۋەتەن —ۋەتەنگە، مەكتەپ —مەكتەپكە .

چىقىش كىلىش دىگەن نىمە ؟

ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئىش —ھەركىتىنىڭ چىقىش ئورنى، سەۋەبى، ھەرىكەت مەزمۇن قىلىنغان ساھەنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى بولۇپ، قوشۇمچىسى «دىن، تىن»، بېرىلدىغان سۇئاللار «كىمدىن، نېمىدىن، كىملەردىن، نېمىلەردىن، قەيەردىن، نەدىن» قاتارلىقلار؛

چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئىسىملارغا ئۇلىنىدۇ.

ئاخىرى جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «دىن» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. ئاخىرى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «تىن» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ.

ئورۇن كىلىش دىگەن نىمە ؟

ئىسىملارنىڭ جۈملىدىكى ئىش —ھەركىتىنىڭ ئورنى، ۋاقتى، شارائىتى، ۋاستىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى —ئورۇن كېلىش دېيىلىدۇ. قوشۇمچىسى «دا، تا، دە، تە»، بېرىلدىغان سۇئاللار: «كىمدە، نېمىدە، قەيەردە، نەدە، قاچان» دېگەن سۇئاللار بېرىلىدۇ.

ئۇرۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بىلەن كېلىپ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا، «دا»، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا، «تا» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: باھار- باھاردا، ياز-يازدا بۇلاق- بۇلاقتا، ئاش- ئاشتا.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن كېلىپ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشسا «دە، « جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاسا، «تە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: قەلەم-قەلەمدە، يۈرەك-يۈرەكتە ئۇستەل-ئۇستەلدە كۆچ — كۆچتە.

**سۆز دېگەن نېمە ؟**

تاۋۇش جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن، ئايرىم تۇرغاندا مۇستەققىل بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى سۆز دېيىلىدۇ.

**جۈملە دېگەن نېمە ؟**

سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم گرامماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئالاقە بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.بىرىكىشىدىن تەركىب تاپقان، نىسپىي ئاياقلاشقان ئوي- پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئالاقە بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**بىرىكمە سۆز دېگەن نېمە، جۈپلەنمە سۆز دېگەنچۇ ؟**

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ياش مورفېمىنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر بىرىكمە سۆز ياكى بىرىككەن سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككى سۆزنىڭ ياكى بىر سۆز بىلەن ئادەتتە مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان باشقا بىر تەركىبنىڭ ۋەياكى مۇستەقىل قوللىنىلمايدىغان ئىككى تەكىبنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان سۆزلەر جۈپلەنمە ياكى جۈپ سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

**قاتما سۆز دېگەن نېمە؟**

ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستىمال جەريانىدا خاس بولغان تىل ئادىتى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بەلگىلىك گىراماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىپ قالىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى قاتما سۆز دەيمىز.

مەسىلەن: ھاجىم، بېگىم، قاقتى-سوقتى، توغرىسىدا، باشتا. . . دېگەندەك مۇئەييەن شەكىلدە قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەر.